# دُرُوْسُ اللُّغَة الْعَرَبَّية لغيرالناطقين بها

(مع القواعد النحوية وترجمة النصوص)

الدكتور ف.عبدالرحيم

الجزء الثالث

الناشر: الجامعة الإسلامية بالمدينة المنورة

بسم الله الرحمن الرحيم

**أَيُّهَا الطُّلاّبُ!**

لِمَاذَا نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ؟

نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ لِنَفْهَمَ الْقُرْآنَ الْكَرِيْمَ وَالْحَدِيْثَ النَّبَوِيَّ الشَّرِيْفَ.

الدّال على الخير كفاعله

# الفهرس


مقدمة ........ 4
(1)الدرّس الأول ........ 5
(2)الدرس الثاني ........ 22
(3)الدرس الثالث ........ 31
(4)الدرس الرابع ........ 42
(5)الدرس الخامس ........ 48
(6)الدرس السادس ........ 57
(7)الدرس السابع ........ 62
(8)الدرس الثَّامـن ........ 66
(9)الدَّرسُ التَّاسع ........ 71
(10) الدَّرْسُ العاشر ........ 80
(11)الدرسُ الحادي عشر ........ 84
(13)الدرسُ الثالث عشر ........ 100
(14)الدرس الرابع عشر ........ 108
(15)الدرس الخامسَ عَشَرَ ........ 113
(16)الدرسُ السادسَ عشرَ ........ 130
(17)الدرسُ السابعَ عشر ........ 139
(18)الدرس الثامن عشر ........ 151
(19)الدرس التاسع عشر ........ 162
(20)الدرس العشرون ........ 172
(21)الدرس الحادي و العشرون ........ 178
(22)الدرس الثاني و العشرون ........ 188
(23)الدرس الثالث و العشرون ........ 195
(24) الدرس الرابع و العشرون ........ 203
(25)الدرس الخامس و العشرون ........ 211
(26)الدرس السادس و العشرون ........ 220
(27)الدرس السابع و العشرون ........ 233
(28)الدرس الثامن و العشرون ........ 240
(29) الدرس التاسع و العشرون ........ 248

(30)الدرس الثلاثون ........................................ 254
(31)الدرس الحادي و الثلاثون ........................................ 260
(32)الدرس الثاني و الثلاثون ........................................ 268
(33)الدرس الثالث و الثلاثون ........................................ 279
(34)الدرس الرابع و الثلاثون ........................................ 288
مِنْ أَبْنِيَةِ مَصَادرِ الفعل الثُّلاثيِّ المُجَرَّد0 ........................................ 297
ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد (تۈپ) پېئىللارنىڭ مەسدەر قۇرۇلملىرى توغرىسىدا ........................................ 297
أوزانُ جَمْع التَّكْسِير ........................................ 302
جەمئى تەكسىر (جَمْع التكسير)نىڭ ئۆلچەملىرى توغرىسىدا ........................................ 302

## مقدمة

بسم اللّه الرحمن الرحيم

الحمد للّه رب العالمين، والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين، نبيّنا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين، ومن تبعهم بإحسان إلى يوم الدين.

أمّا بعد: فهذا هو الجزء الثالث من كتاب "دروس اللغة العربية لغير الناطقين بها"، وهو ليس كتاب نحو فحسب، إنـــما هو كتاب شامل لتعليم اللغة العربية بنحوها وصرفها ومفرداتها وجوانبها الأخرى، فينبغي أن يعني بهذه الجوانب كلها عند الشرح. ونرى أن يراعي المعلم الأمور الآتية عند تدريس هذا الكتاب:

1ـ يمهِّد للمسائل الرئيسة الواردة في الدرس من غير النظر في الكتاب.

2ـ يقرأ الدرس، وفي أثناء القراءة يشير إلى المسائل التي سبق أن شرحها، ويشرح المسائل الفرعية التي لم يتطرَّق إليها في التمهيد، ويوجّه إلى الطلاب أسئلة للتأكد من فهمهم هذه المسائل.

3ـيقوم مجموعات من الطلاب بتمثيل الدرس.

4ـيشترك الطلاب في حلّ جميع التمارين شفويّاً، ويحلُّوها تحريرياً خارج الفصل.

واللّه نسألك أن يوفقنا جميعاً لخدمة دينه، ولغة كتابه.

مدينة الرسول صلى الله عليه وسلم

غرة المحرَّم 414 هـــ ف. عبد الرحيم

## (1)الدرّس الأول

### الإعراب والبنـــاء

### (أ) في الأسمـــاء

**الاسْم إما مُعربٌ وإمَّا مَبْنِيٌّ**

ئىسىم مۇئرەب (تۈرلىنىدىغان) ئىسىم ۋە مەبنى (قاتقان) ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**فالمعربُ ما تَغَيَّرَ آخِرُه بِسَبَبِ العامِلِ نحو:**

مۇئرەب ئىسىم ـــ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىلنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جَاءَ الْمُدَرِّسُ مَرْفوع (باش كېلىش)

سَأَلْتُ الْمُدَرِّسَ مَنْصوبٌ (چۈشۈم كېلىش)

سَلَّمْتُ عَلَى الْمُدَرِّسِ مَجْرورٌ (ئىگىلىك كېلىش)

**والمبني مالا يتغير آخِرُه بسبب العامِلِ نحو:**

مەبنى ئىسىم ـــ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىلنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جَاءَ هٰؤُلَاءِ في مَحَلِّ رَفْــعٍ (باش كېلىش ئورنىدا)

سَأَلْتُ هٰؤُلَاءِ في محلِّ نصْب (چۈشۈم كېلىش ئورنىدا)

سَلَّمْتُ عَلَى هٰؤُلَاءِ في محلِّ جَرٍّ (ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا)

دېگەنگە ئوخشاش.

**المعربُ والمبنِيُّ من الأسماءِ:**

مۇئرەب (تۈرلىنىدىغان) ۋە مەبنى (قاتقان) ئىسىملار:

**الأَسماءُ كلُّها معربةٌ ما عدا الفِئاتِ الآتية:**

مەبنى ئىسملار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇئرەب ئىسملاردۇر:

(1) **الضّمائر مثل: هو، هم، أنت، أنتم، أنا، ذهبت، قالوا (هذه ضَمائِرُ الرَّفــع)**

**رأيته، أسألك، ضربني (هذه ضَمائِرُ النَّصْب)**

**كتابه، دفترها، اسمك، عليها، لنا (هذه ضمائر الجــَرِّ)**

كىشىلىك ئالماشلار: بۇ هُوَ، هُمْ، أَنْتَ، أَنَا، ذَهَبْتُ، قَالُوْا ... لارغا ئوخشاش باش كېلىش ئالماشلىرى؛ رَأَيْتُهُ، أَسْأَلُكَ، ضَرَبَنِيْ ... لارغا ئوخشاش چۈشۈم كېلىش ئالماشلىرى؛ كِتَابُهُ، دَفْتَرُهَا، اسْمُكَ، عَلَيْهَا، لَنَا ... لارغا ئوخشاش ئىگىلىك كېلىش ئالماشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) **أسماء الإِشارة، مثل: هذا، هذه، ذلك، أولئك. ("هَذانِ وهاتانِ " مُعْرَبانِ).**

كۆرسىتىش ئالماشلىرى: بۇ هٰذَا، هٰذِه، ذٰلِكَ، تِلْكَ، أُوْلٰئِكَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ (هٰذَانِ، هَاتَانِ، ذَانِكَ، تَانِكَ قاتارلىق ئىككىلىك شەكىللىرى بولسا تۈرلىنىدىغان مۇئرەب ئىسمغا تەۋەدۇر).

(3) **الأسماء الموصولة، مثل: الذي، التي، الذين، ("اللذان واللتان " معربان).**

نىسبىي ئالماشلار: بۇ اَلَّـذِيْ، اَلَّتِـيْ، اَلَّـذِيْنَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قاتقان ئىسمدۇر، (لېكىن «اَلَّـذَانِ» ۋە «اَلَّتَـانِ»دىن ئىبارەت ئىككىلىك شەكلى تۈرلىنىدىغان ئىسمدۇر. )

(4) **أسماء الاستفهام، مثل: مَنْ، أَيْنَ، ما، متى، كيفَ.**

سوراق ئالماشلىرى: بۇ مَنْ، مَا، مَتَى، أَيْنَ، كَيْفَ ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

(5) **بعض الظروف، مثل: إذا، الآن، حيثُ، أمسِ.**

بىر قىسىم رەۋىشلەر: بۇ إِذَا، اَلْآنَ، حَيْثُ، أَمْسِ ... قاتارلىق بىر قىسىم رەۋىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(6) **أسماء الأفعال، مثل: آمينْ، أُفٍّ ، آهِ.**

پېئىللىناملار: بۇ أَمِيْنْ، أُفٍّ، آهِ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

(7) **الأعداد المركبة، مثل: أَحَدَ عَشَرَ، تسْعَةَ عَشَرَ، الثالثَ عَشَرَ .**

(الجزء الأول من "اثْنا عَشَرَ" معربٌ ، نحو:

يدرس في الفصل اثنا عَشَرَ طالباً.

رأيت اثْنَيْ عَشَرَ طالباً.

هذا الطعام لاِثْنَيْ عَشَرَ طالباً)

11دىن 19غىچە بولغان بىرىكمە سانلار: بۇ أَحَدَ عَشَرَ، الثَّالِثَ عَشَرَ، ... تِسْعَةَ عَشَرَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، بۇلار ئىچىدىن پەقەت «اِثْنَا عَشَرَ»نىڭ بىرىنچى بۆلىكى تۈرلىنىدىغان ئىسىمغا تەۋەدۇر. مەسىلەن:

يَدْرُسُ فِيْ الْفَصْلِ اثْنَا عَشَرَ طَالِبًا (باش كېلىش ھالىتىدە)

(سىنىپتا 12 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ)

رَأَيْتُ اثْنَيْ عَشَرَ طَالِبًا (چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە)

(مەن 12 ئوقۇغۇچىنى كۆردىم)

هٰذَا الطَّعَامُ لاِثْنَى عَشَرَ طَالِبًا (ئىگىلىك كېلىش ھالىتى)

(بۇ تاماق 12 ئوقۇغۇچىنىڭ)

## عَلاماتُ الإِعراب الأَصْلِّيَّةُ والفَرْعِيَّةُ:

## ئىسىملاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

**علاماتُ الإِعَراب الأَصْلِيَّةُ في الاسمِ:**

ئىسىملاردىكى ئەسلى ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

الضَّمَّـــةُ(ـُـ): :وهي عَلامةُ الرَّفْعِ. ئۇ باش كېلىشنىڭ بەلگىسى.

الفَتْحَـــةُ (ـَـ) :وهي علامةُ النَّصْبِ. ئۇ چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى.

الكَسْرَةُ(ـِـ): :وهي علامةُ الجَرِّ. ئۇ ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى.

وهناك علاماتٌ أُخرى فَرْعِيَّةٌ ،

بۇ يەردە باشقا قوشۇمچە بەلگىلەر بولۇپ ئۇلار ئىسىملاردىكى قوشۇمچە ئىئرابىنىڭ بەلگىلىرى:

**وهي في الأنْوَاع الآتية من الأسماء:**

ئىسىملاردىكى قوشۇمچە ئىئرابىنىڭ بەلگىلىرى تۆۋەندىكى ئىسىملاردا بولىدۇ:

**(1)جَمْع المؤنثِ السالم :علامةُ النصب فيه الكسرة نحو: خلقَ اللّه السَّمَواتِ والأرضَ**

ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنىڭ زەبەر ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ زىرلىك ئوقۇلۇشىدۇر. مەسىلەن:

خَلَقَ اللهُ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضَ (ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**(2)المَمْنوع من الصَّرْفِ :علامة الجر فيه الفتحة، نحو: اِذْهبْ إلى فِرْعَوْنَ.**

تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنىڭ زىر ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ زەبەرلىك ئوقۇلىشىدۇر. مەسىلەن:

إِذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ (سەن پىرئەۋىننىڭ يېنىغا بارغىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

**3)الأسماء الخمسة :وهي: أَبُوك، أَخُوك، حَمُوك، فُوك، ذُو. كُلُّ العلاماتِ فيها فرعية. وهي:**

| | |
|---|---|
| **نحو :أجاء أبوك؟** | **علامةُ الرفعِ الــواوُ** |
| **نحو :أعرف أباك.** | **علامةُ النصب الأَلِفُ** |
| **نحو: أين سيارة أبيك؟** | **علامةُ الجرِّ اليَــاءُ** |

(ئىئرابى ئۆزگەرسە، ئاخىرىدىكى ھەرپمۇ تەڭ ئۆزگىرىدىغان) بەش ئىسىم (أَخُوكَ، أَبُوْكَ، حَمُوْكَ، فُوْكَ ۋە ذُوْ مَالٍ)دىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. ئۇلار:

باش كېلىشنىڭ بەلگىسى ــــ «و»دۇر. مەسىلەن:

أَجَاءَ أَبُوْكَ (داداڭ كەلدىمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى ــــ «ا» (ئەلف)تۇر. مەسىلەن:

أَعْرِفُ أباكَ (مەن داداڭنى تونۇيمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىگىلىك كېلىشىنىڭ بەلگىسى ــ «ي»دۇر. مەسىلەن:

أَيْنَ سَيَّارَةُ أَبِيْكَ؟ (داداڭىنىڭ ماشىنىسى قەيەردە؟)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تُعْرَبُ الأسماءُ الخمسةُ بهذه العلامات إذا كانت مُضافَةً إلى غير ياءِ المُتَكَلِّمِ، وإلا أُعْرِبَتْ بالعلامات الأَصْلِيَّةِ، نحو :**

**لي أَخ**

**سألت أخاً**

**أنت كأخٍ**

ئەگەر بۇ بەش ئىسىم مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس)نىڭ «ي»سىدىن باشقا ئىسىمغا ئىزاپەت بولۇپ كەلسە، بۇ بەلگىلەر بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، باشقا ئىسىملارغا ئىزاپەت قىلىنمىسا، ئەسلى بەلگىلىرى بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن:

لِيْ أَخٌ (مېنىڭ قېرىنداشىم بار) باش كېلىش ھالىتى

سَأَلْتُ أَخًا (مەن قېرىنداشنى سورىدىم) چۈشۈم كېلىش ھالىتى

أَنْتَ كَأَخٍ (سەن قېرىنداشقا ئوخشاش) ئىگىلىك كېلىش ھالىتى

دېگەنگە ئوخشاش.

**(4) جمع المذكر السالم :كل العلامات فيه فرعية. وهي:**

ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك ئىسىملاردىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچەئىئراب بەلگىلىرىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بۇ ئىسىملاردىكى باش كېلىشىنىڭ بەلگىسى ــ «و»دۇر. مەسىلەن:

**دخل المُدَرِّسونَ.** (ئوقۇتقۇچىلار كىردى) **علامة الرفع الــواو**

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشىنىڭ بەلگىسى ــ «ي»دۇر. مەسىلەن:

**سألت المدرسينَ** (مەن ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىدىم) **علامة النصب الياء**

**هذه غرفة المدرسين.** (بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتىقى) **علامة الجر اليــاء**

**(5) المُثَنّى: كل العلاماتِ فيه فرعية. وهي:**

ئىككىلىك ئىسىملاردىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

باش كېلىشىنىڭ بەلگىسى ــ «ا» ۋە «ن»دۇر. مەسىلەن:

**غاب طالِبانِ.** (ئىككى ئوقۇغۇچى يوقاپ كەتتى) **علامةُ الرفع الأَلِفُ**

چۇشۇم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشىنىڭ بەلگىسى ــــ «ي» ۋە «ن»دۇر. مەسىلەن:

**طلب المدير طالِبَيْنِ.** (مۇدىر ئىككى ئوقۇغۇچىنى چاقىردى)          **علامة النصب الياءُ**

**هذه الغرفة لطالِبَيْنِ** (بۇ ياتاق ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ)          **علامة الجرِّ اليـــاءُ**

## الإعرابُ التَّقْـــدِيرِيُّ:

## تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار

**لا تَظْهَرُ علاماتُ الإعراب في ثلاثة أنواع من الأسماء، فَتُقَدَّرُ فيها العلاماتُ. وهذه الأنواعِ هي: المَقْصورُ، والمَنْقوصُ، والمُضافُ إلى ياءِ المُتَكَلِّمِ.**

ئۈچ خىل ئىسىمدا ئىئرابنىڭ بەلگىسى ئاشكارا بولمايدۇ، بەلكى تەقدىرىي بولىدۇ. ئۇلار: مەقسۇر (مَقْصُور) ئىسىم، مەنقۇس (مَنْقُوص) ئىسىم ۋە مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

(1) **المَقْصُورُ: هو الاسمُ المعربُ الذي آخرُه أَلِف لازِمَةٌ ، نحو: المُسْتَشْفَى . الفتَى. العَصَا.**

مەقسۇر ئىسىم ــــ ئاخىرىغا «ا» ئۇلانغان ھالەتتە تۈرلىنىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

مەسىلەن: اَلْمُسْتَشْفَى، اَلْفَتَى، اَلْعَصَا ... دېگەنگە ئوخشاش.

**تُقَدَّرُ فيه العلاماتُ الثَّلاثُ، نحو: قتل الفتَى الأَفْعَى بالعَصَا**

بۇ خىل ئىسىملاردا ئۈچىلى خىل ئىئرابنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن:

قَتَلَ الْفَتَى الْأَفْعَى بِالْعَصَا    (يىگىت يىلاننى ھاسا بىلەن ئۆلتۈردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هذه الكلمات:**

بۇ سۆزلەرنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**الفتى : (فاعلٌ مرفوعٌ ، علامةُ رَفْعِهِ ضَمَّةٌ مُقَدَّرَةٌ)**

«اَلْفَتَى» ــــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پېشتۇر (يەنى بۇ سۆز ئاشكارا پېشلىك ئوقۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پېشلىك ئوقۇلدى دەپ پەرەز قىلىنىدۇ).

**الأفعى : (مَفْعولٌ به منصوبٌ ، علامة نصبه فتحةٌ مُقَدَّرَةٌ)**

«اَلْأَفْعَى» ــــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زەبەردۇر.

**العصا : (مجرورٌ بـــ (الباء)، علامةُ جره كسرةٌ مقدرةٌ)**

«اَلْعَصَا» ـــ «ب»دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

(2) **المَنْقُـــوص :هو الاسمُ المعــرب الــذي آخــرُه ياءٌ لازِمَــةٌ مكسورٌ ما قَبْلَها، نحو : القاضِي، المحامِي، الثاني، الماضِي، الوادِي، المعاني.**

مەنقۇس ئىسىم ـــ ئاخىرىغا ئالدى زىر ئۇقۇلغۇچى سۈكۇنلۇق «ي» ئۇلانغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: اَلْقَاضِيْ، اَلْمُحَامِيْ، اَلْمَاضِيْ، اَلْوَادِيْ، اَلْمُعَانِيْ ... دېگەنگە ئوخشاش.

**تقدر فيه الضمَة والكسرة، وتظهر فيه الفتحة نحو :سأل القَاضِيْ المُحَامِيَ عن الجَانِيْ.**

بۇ خىل ئىسىملاردا پېش بىلەن زىر پەرەز قىلىنىدۇ، زەبەر ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن:

سَأَلَ الْقَاضِيْ الْمُحَامِيَ عَنِ الْجَانِيْ

(سوتچى ئادۋوكاتتىن جىنايەتچى توغرىلىق سورىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هذه الكلمات:**

بۇ سۆزلەرنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**القاضِيْ : (فاعلٌ مرفوعٌ ، علامة رفعه ضمةٌ مُقَدَّرَةٌ)**

«الْقَاضِيْ» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پېشتۇر.

**المحامِيَ : (مفعولٌ به منصوبٌ ، علامةُ نصبه فتحةٌ ظاهِرةٌ)**

«الْمُحَامِيَ» ـــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاشكارا زەبەردۇر.

**الجانِيْ (مجرورٌ بـــ (عن)، علامةُ جرِّه كسرةٌ مقدرةٌ)**

«الْجَانِيْ» ـــ «عَنْ»دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

**وقد يكون المنقوصُ محذوفَ الياءِ، نحو: ذهبَ قَاضٍ إلى مُحَامٍ** [1]

بەزىدە مەنقۇس ئىسىمنىڭ «ي»سى چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَ قَاضٍ إِلَى مُحَامٍ (سوتچى ئادۋوكاتنىڭ يېنىغا باردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هاتَيْنِ الكلمتين:**

بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**(قاضٍ) : فاعلٌ مرفوعٌ ، علامة رفعه ضمةٌ مقدرةٌ على الياء المَحْذُوفةِ.**

---

[1] مەنقۇس ئىسىمنىڭ «ي»سى مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە چۈشۈپ كەتمەيدۇ:

(1) بېشىغا «ال» كىرگەن ھالەتتە: «اَلْقَاضِيْ»غا ئوخشاش؛

(2) ئىزاپەتلىك بىرىكمىدىكى ئېنىقلانغۇچى (مضاف) بولسا: «قَاضِيْ مَكَّةَ»غا ئوخشاش.

(3) چۈشۈم كېلىشتە كەلسە: «سَأَلْتُ قَاضِيًا»غا ئوخشاش.

«قَاضٍ» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى تاشلانغان «ي»غا پەرەز قىلىنغان پىشتۇر.

**مُحَامٍ : (مجرورٌ بـــ (إلى)، علامة جره كسرةٌ مقدرةٌ على الياء المحذوفة) .**

«مُحَامٍ» ـــ «إِلَى» دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى تاشلانغان «ي»غا پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

(3)**المضُافُ إلى ياءِ المتكلمِ، نحو :زميلِي**

مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىم: بۇ «زَمِيْلِيْ»گە ئوخشاش سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**تقَدَّرُ فيه العلاماتُ الثلاثُ، نحو: دعا جَدِّي أُسْتاذِي مع زُمَلائِي.**

بۇ خىل ئىسىملاردا ئۈچ خىل ئىئرابنىڭ ھەممىسى پەرەز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دَعَا جَدِّيْ أُسْتَاذِيْ مَعَ زُمَلائِيْ

(بوۋام ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇستازىمنى چاقىردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هذه الكلمات:**

بۇ سۆزلەرنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**جَدِّ :(فاعل مرفوع، علامة رفعه ضمة مقدرة. والياء مضاف إليه.)**

«جَدِّيْ» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پىشتۇر.

**أُستاذِ (مفعول به منصوب، علامة نصبه فتحة مقدرة. والياء مضاف إليه.)**

«أُسْتَاذِيْ» ـــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زەبەردۇر.

**زُمَلاءِ :(مضاف إليه مجرور، علامة جره كسرة مقدرة [2] والياء مضاف إليه) .**

«زُمَلائِيْ» ـــ «مَعَ» بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىككەنلىكى سەۋەبلىك ئىگـىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلـگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

[2] بەزى نەھۋىيۇنلار بۇ زىرنى ئاشكارە زىر دەپ قارايدۇ

عَلاماتُ الإِعْرَاب الأَصْلِيَّةِ والفَرعِيَّةِ (في الاسْم)

ئىسملاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

| الحَالة الإعْرَابية | العَامل | الاسم ذو علامات الإعراب الأصلية | جمع المؤنث السَّالم | المثنى | جمع المذكر السالم | ممنوع من الصّرف | الأَسَماء الخمسة |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| المرفُوع | جَــاء | الأَبْنَــاءُ | وَالبنَــاتُ | والوَالدِانِ | وَالأقربونَ | وإبراهيم | وأخـــوُه |
| علامة الرفع | | الضمة | الضمة | الألف | الواو | الضمة | الواو |
| المنصُوب | رَأيت | الأبنَــاءَ | وَالبنَاتِ | والوالدَين | والأقرَبينَ | وإبرَاهِيمَ | وَأَخَــاه |
| عَلامة النصْب | | الفتحَة | الكسرةِ | اليَــاء | اليَــاء | الفتحَــة | الألف |
| المجــرُور | سَلّمت على | الأبنــاءِ | والبنات | الوالديَنِ | وَالأقربــينَ | إبراهيم | وَأخيـــهِ |
| عَلامة الجَــر | | الكسرة | الكسرة | الياء | اليَاء | الفتحة | اليَاء |

## الإعرَابُ التَقْــدِيرِي

### تەقدىرى ئىراب

| الحَالة الإعْرَابية | العَامل | المضاف إلى الياء المتكلم | المنقوص | المقصور |
|---|---|---|---|---|
| المرفُوع | جَــاء | صَدِيقِيْ | المُحَامِيْ | المرتَضى |
| علامة الرفع | | ضمة مقدّرة | ضمة مقدّرة | ضمة مقدّرة |
| المنصُوب | رَأيت | صدِيقِيَ | المُحامِيَ | المرتضى |
| عَلامة النصْب | | فتحة مُقدّرة | فتحة ظاهِرَة | فتحة مقدّرة |
| المجـــرُور | سَلّمت على | صَدِيقِيْ | المُحَامِيْ | المرتَضى |
| عَلامة الجَـــر | | كسْرة مقدّرة | كسْرة مقدّرة | كسْرة مقدّرة |

| العلامات الأصليَّة، والفرعية، والظاهرة، والمقدَّرة | |
|---|---|
| | |
| المرفـــوع | حَضر الأبناءُ / والبناتُ، والوالدانِ، والأقربونَ، وإبراهيمُ وأخوه/ وصَديقِي المُحاميَ المرتضَى. |
| المنصوب | :دَعوتُ/ الأبناءَ، والبناتِ، والوالدَيْن، والأقربِينَ، وإبراهيمَ، وأخاهُ/ وصَديقِيَ المُحامي المرتَضى. |
| المجـــرور | :اتَّصلْتُ بالأبنــاءِ/ والبناتِ، والوالدَيْن، والأقربِينَ، وإبراهيمَ، وأخيه/ وصَدِيقي المُحامِي المرتضَى. |

## تمـــارين

(1)عَيّنَ المُعْرَبَ والمَبْنِي فيما يأتِي:

كتـــاب .هذا. حامد. مســـاجد. هو. أنا. سيارة. الذي .أمس. الجامعة. مسلمان. مسلمات. هذان. الآن .اللتان. مَنْ. اللّه.

أربعة عشر. أربعة .آمين.

(2)ما علامات الإعراب الأصلية في الاسم؟

(3)ما علامات الإعراب الفرعية في:

(1)الأسماء الخمسة.

(2)وجمع المذكر السالم.

(3)والمثـــنى؟

(4)ما علامة الجر في الممنوع من الصرف؟

(5)ما علامة النصب في جمع المؤنث السالم؟

(6)هات مثالاً للمقصور، واجعله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأولى، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(7)هات مثالاً للمنقوص الثابت الياء وأدخله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأولى، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(8)هات مثالاً للمنقوص المحذوف الياء، وأدخله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأولى، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(9)هات مثالاً للمضاف إلى ياء المتكلم، وأدخله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأول، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(10)أعرب ما تحته خـــط:

(1)يحب اللّه المتقين.

(2)خلق اللّه السماوات والأرض.

(3)افتح فـــاك.

(4)أين سيارة أبيـــك.

(5)حفظت سورتين.

(6)أعرف قاضي مكة.

(7)خرج الجرحى من المستشفى.

(8)أخذ صديقي كتابي من حقيبتي.

(9)اشتريت هذا بِخَمْسَةَ عَشَرَ ريالاً.

(10)أنا محام.

## المَرْفوعاتُ من الأسماءِ

## (باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار)

(1)و(2) المُبْتَدَأُ والخَبَرُ: اللّه أكبرُ.

(3)اِسْمُ كانَ : كان البابُ مفتوحاً.

(4)خبرُ إنَّ: إنَّ اللّه غفورٌ.

(5)الفاعـــلُ: خَلَقَنا اللَّهُ.

(6)نائِبُ الفاعلِ: خُلِقَ الإِنسانُ من طين.

دائىم باش كېلىشتە كېلىدىغان (يەنى جۈملىدە ئاخىرى پېشلىك ئوقۇلىدىغان) ئىسىملار ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) ئىگە؛ 2) خەۋەر؛ 3) «كان»نىڭ ئىسمىسى؛ 4) «إنَّ»نىڭ خەۋىرى؛ 5) پائىل؛ 6) ۋەكىل پائىلدىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرى پېشلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

## المَنْصوباتُ من الأسمـــاء

## (چۈشۈمكېلىشتە كەلگەن ئىسىملار)

(1)اســـمُ إنَّ: إنَّ اللَّهَ غَفُورٌ.

(2)خبرُ كانَ: كان الطعامُ لذيذاً.

(3)المفعولُ به: فهمت الدرسَ.

(4)المفعولُ فيه: سافر أبي ليلاً . جلس المدرس عِنْدَ المدير.

(5)المفعولُ لأجْلِهِ: ما خرجت من البيت خَوْفاً من الحرّ.

(6)المفعولُ مَعَهُ: سَافرت وبِلالاً.

(7)المفعولُ المُطْلَقُ: يقرأ حامد قراءةً جَيِّدةً.

(8)الحَــالُ: جَدِّي يُصَلِّي قاعِداً.

(9)التَّمْيِــيْزُ: أنا أكبر منك سِنّاً.

(15)المُستَثْنَى: حضر الطلاب كلُّهم إلا حامداً.

(11)المُنَــادَى: يا عبدَ اللّه.

دائـم چۈشـۈم كېلـشـته كېلـدىغان (يەنـى جۈملـدە ئـاخىرى زەبەرلـىك ئوقۇلـدىغان) ئىـسملار 11 تۈرلـۈك بولـۇپ، ئـۇلار: 1) «إنَّ»نىڭ ئىسمىسى؛ 2) «كان»نىڭ خەۋىرى؛ 3) تولدۇرغۇچى (مفعول به)؛ 4) ئورۇن ۋە ۋاقىت تولدۇرغۇچىلىرى (رەۋىشلىرى)؛ 5) سـەۋەب تولدۇرغۇچىسى؛ 6) ھەمراھلىق تولدۇرغۇچىسى؛ 7) مەنبەداش تولـدۇرغۇچى؛ 8) ھـالەت تولـدۇرغۇچى؛ 9) پەرقلەندۈرگۈچى؛ 10) مۇستەسنا قىلىنغۇچى؛ 11) چاقىرىلغۇچى (مُنَادَى)دىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرى زەبەرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

المجــرورات

**(ئىگىلىك كىلشتە كەلگەن ئىسىملار)**

(1)المضافُ إليــه: القرآن كتاب اللّهِ.

(2)المَسْبوقُ بحرفِ جَرٍّ: الطلاب في الفصلِ.

دائـم ئىگىلىك كېلشتە كېلـدىغان ئىـسملار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئـۇلار: 1) ئىزاپەتلىك بىرىكمىدىكى ئېنىقلىغۇچى؛ 2) ئالدىغا زىر قىلىش قوشۇمچىسى (حرف جرّ) كىرگەن ئىسىمدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا بايـان قىلىـپ ئۆتـۈلگەن ھەرقايسى ئىـسىم تۈرلىرىنىـڭ تەپسىلاتى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلىرىمىزدە سۆزلىنىدۇ، ئاللاھ خالىسا.

التوابــع

**(ئىئراب جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسمغا ئەگەشكۈچىلەر)**

**التَّابعُ هو الاسمُ الْمُشَارِكُ لِما قَبْلَهُ في إعرَابِهِ مُطْلَقاً. وهو على أربعة أنواع :النَّعْت، والتَّوْكيد، والعَطْف، والبَدَل.**

ئەگەشكۈچى (تَابع) ـــ ئىئراب جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسمغا شەرتسىز ئەگىشىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

ئەگەشكۈچىلەر تۆت تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار: 1) سۈپەت؛ 2) تەكىت؛ 3) باغلانغۇچى (عطف)؛ 4) بەدەل (ئىزاھلىغۇچى)دىن ئىبارەت.

دىمەك، بۇلارنىڭ ئىئرابى ھەردائىم ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىسمنىڭ ئىئرابى بىلەن ئوخشاش ھالەتتە كېلىدۇ.

**وإليك الأمثلـــة:**

**(1)النعـــت:**

**المرفـــوع: أَحَضَر الطالبُ الجديدُ؟**

**المنصوب: يطلب المديرُ الطالبَ الجديدَ.**

**المجرور: هذا دفتر الطالبِ الجديدِ.**

**(2)التوْكيـــد:**

**المرفـــوع : حضر الطلاب كلُّهم. قال لي هذا المديرُ نَفْسُه.**

**المنصوب: سألت الطلاّبَ كلَّهم. سألت المديرَ نفَسه. كلِّهم.**

**المجـــرور : سلّمت على الطلابِ كُلِّهم سلّمت على المديرِ نفِسه.**

**(3)العطف:** [4]

**المرفـــوع: خرج حامد وصديقُه.**

**المنصوب: طلب المديرُ حامداً وصديقَه**

**المجـــرور: أين كُتُبُ حامدٍ وصديقِه؟**

**(4)البـــدل:**

**المرفوع : أنجح أخوك هاشم؟ أنجح هذا الطالبُ؟**

**المنصوب : أَعْرِفُ أخاك هاشماً. أَعْرِفُ هذا الطالبَ.**

**المجـــرور : أين غرفة أخيك هاشمٍ؟ أين غرفة هذا الطالبِ؟**

## (ب) في الأفعـــال

### المعرب والمبني من الأفعال:

### مۇئرەب پېئىللار ۋە مەبنى پېئىللار توغرىسدا

**الفعل الماضِي وفِعْلُ الأمْرِ مَبْنِيّانِ.**

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سىغلىرى (پېئىل شەكىللىرى) بىلەن بۇيرۇق (ئەمرى) سىغلىرى مەبنى پېئىل ھېسابلىنىدۇ.

**والفعلُ المضارعُ معربٌ (إلا إذا اتصلتْ به نونُ النِّسْوَةِ فيكون مبنياً ) نحو:**

پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان سىغلىرى مۇئرەب پېئىل ھېسابلىنىدۇ (ئەمما، كەلگۈسى زامان سىغلىرى ئىچىدىن ئاياللىق پائىلنىڭ «ن»نى بىلەن تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلىنىپ كەلگەنلىرى مۇئرەب پېئىل ئەمەس، بەلكى مەبنى پېئىلدۇر). مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| أَفْهَمُ هٰذَا الدَّرْسَ | ( مرفوع ) | باش كېلىش ھالىتى |
| أُرِيْدُ أَنْ أَفْهَمَ هٰذَا الدَّرْسَ | (منصوب) | چۈشۈم كېلىش ھالىتى |
| لَمْ أَفْهَمْ هٰذَا الدَّرْسَ | (مجزوم) | جەزملىك ئوقۇلۇش ھالىتى |

### علاماتُ الإِعرابِ الأصليةُ والفرعيةُ:

### مۇئرەب پېئىللاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

**علامات الإِعراب في المضارع ثلاث، وهي:**

مۇئرەب كىلىدىغان زامان پېئىللاردىكى ئەسلى ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

**الضـــمة (ــُ):** **وهي علامة الرفع.** (ئۇ باش كېلىشنىڭ بەلگىسى.)

**الفتحـــة (ــَ):** **وهي علامة النصب.** (ئۇ چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى.)

**السّـــكُونُ(ــْ):** **وهي علامة الجَزْمِ.** (ئۇ جەزملىك ئوقۇلغانلىقنىڭ بەلگىسى.)

**وهناك علامات أخرى فرعية، وهي في الأنواع الآتية من الفعل:**

تۆۋەندىكىلەر پېئىللاردىكى قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

1- **الأفعال الخمسة: علامة الرفع فيها ثُبوتُ النونِ، وعلامة النصب والجزم حَذْفُ النونِ. نحو:**

بەش پېئىل (پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ن» قوشۇلغان بەش سىغىسى) دە باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ تۇرۇشىدۇر. مەسىلەن:

أَيَذْهَبُوْنَ إِلَى السُّوْقِ؟ (ئۇلار بازارغا بارامدۇ)؟

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ چۈشۈپ كېتىشىدۇر. مەسىلەن:

أَتُرِيْدُوْنَ أَنْ تَذْهَبُوْا ؟ (سىلەر بېرىشنى خالامسىلەر)

أَلَمْ تَذْهَبِيْ إِلَى الْمَدْرَسَةِ يَا مَرْيَمُ؟ (ئى مەريەم! مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ؟)

2- **الفعل الناقص: علامة الجزم فيه حَذْفُ آخرِهِ، نحو:**

ناقىس پېئىللاردا ئاخىرقى ھەرپىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئۇنىڭ جەزملىك ھالەتتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. مەسىلەن:

لَمْ يَمْشِ لَمْ يَدْعُ لَمْ يَنْسَ

**الإعراب التَّقْـــدِيرِيُّ:**

**پېئىللاردىكى تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار توغرىسىدا**

**تُقَـــدَّرُ:**

پېئىللاردىكى تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار تۆۋەندىكى پېئىللارغا تەقدىر قىلىنىدۇ.

1- **علامةُ الرَّفْعِ في الفعلِ الناقصِ، نحو: يَمشي، يَدْعُو. يَنْسَى.**

ناقىس پېئىلدا باش كېلىشنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: يَمْشِيْ، يَدْعُوْ، يَنْسَى ... لارغا ئوخشاش.

2- **علامةُ النَّصْبِ في الفعل الناقص المفتوح العَيْنِ، نحو: لن أَنْسَى.**

«عين»ى زەبەرلىك ئوقۇلغان ناقىس پېئىلدا چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: لَنْ يَنْسَى ... غا ئوخشاش.

3- **علامةُ الجَزْمِ في الفعلِ المُضَعَّفِ، نحو: لم أَحُجَّ، فعلامة جزمه سكون مُقَدَّر.**

3) مۇزائەف پېئىلدىكى جەزمنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: لَمْ أَحُجَّ ... غا ئوخشاش. بۇ پېئىلنىڭ جەزملىك ئوقۇ تەقدىر قىلىنغان سۇكۇندىن ئىبارەت.

## تمـــارين

(1) عين المعرب من المبني فيما يأتي:

دخل، اِجلس. يذهب. تَفْهَمْنَ. يخرجون. تشربين .يَكْتُبْنَ.

(2) ما علامات الإعراب الأصلية في المضارع؟

(3) ما علامات الإعراب الفرعية في الأفعال الخمسة؟

(4) ما علامة الجزم الفرعية في الفعل الناقص؟

(5) ما علامة الرفع في الفعل الناقص؟

(6) ما علامة النصب في الفعل الناقص المفتوح العين؟

(7) ما علامة الجزم في الفعل المضعف؟

## (2)الدرس الثاني

**المدرس : أين حامد ؟**

ئوقۇتقۇچى : هامىد قەيەردە ؟

**فيصل : سيأتي بعد قليل إن شاء الله . رأيته وهو يدخل الحمام .**

فەيسەل : ئۇ ئاللاھ خالىسا بىر ئازدىن كىيىن كېلىدۇ . مەن ئۇنىڭ مۇنچىغا كېرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنتىم .

**المدرس : وأين حمزة ؟**

ئوقۇتقۇچى : ھەمزە قەيەردە ؟

**فيصل : خرج من الفصل وهو يحمل كتبه . أظن أنه رجع إلى المهجع .**

فەيسەل : ئۇ سىنىپتىن كىتابلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى . مەن ئۇنى ياتاققا قايتىتىمىكى دەپ ئويلايمەن .

**معاوية : رأيته وهو يدخل المستوصف . لعله مريض .**

مۇئاۋىيە : مەن ئۇنى ئامبۇلاتورىيىگە كىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنتىم . ئۇئاغرىپ قالغان بولىشى مۇمكىن .

**المدرس : شفاه الله .... متى رجعتم من مكة يا إخوان ؟**

ئوقۇتقۇچى : الله ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن .....ئى قېرىنداشلار! سىلەر مەككىدىن قاچان قايتتىڭلار ؟

**فيصل : رجعنا مساء أمس . خرجنا من مكة و الشمس تطلع ، و وصلنا طيبة الطيبة والناس يخرجون من المسجد النبوي بعد صلاة الظهر .**

فەيسەل : بىز تۈنۈگۈن كەچ قايتتۇق. بىز مەككىدىن كۈن چىقىۋاتقان ھالەتتە چىقتۇق، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كىشىلەر پېشىن نامىزىدىن كىيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدىن چىقىۋاتقان ھالىتىدە يىتىپ كەلدۇق .

**المدرس : تقبل الله عمرتكم !**

ئوقۇتقۇچى : ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۆمۈر ھەجىڭلارنى قوبۇل قىلسۇن .

**الطلاب : آمينْ .**

ئوقۇغۇچىلار: الله دۇئالارنى ئىجابەت قىلسۇن.

**المدرس : اقرء الحديث المكتوب على السبورة يامعاوية .**

ئوقۇتقۇچى : ئى مۇئاۋىيە! دوسكىغا يېزىلغان ھەدىسنى ئوقۇغىن .

**معاوية : ( يقف و يقرأ ) بسم الله الرحمن الرحيم .**

مۇئاۋىيە : (ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇيدۇ ) ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .

**المدرس : اقرأ وأنت جالس .**

ئوقۇتقۇچى : ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن .

**معاوية : أريد أن أقرأ وأنا واقف .**

مۇ ئاۋىيە : مەن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشنى خالايمەن .

**المدرس : كما تشاء .**

ئوقۇتقۇچى : سەن خالىغانچە بولسۇن .

**معاوية : عن جابر رضي الله عنه قال : أتيت النبي ( صلى الله عليه وسلم ) وهو في المسجد فقال : ( صل ركعتين ) . متفق عليه .**

مۇئاۋىيە : جابىر ( رضي الله عنه) دىن مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ : مەن پەيغەمبىرىمىز( صلى الله عليه وسلم )نىڭ قېشىغا مەسجىددىكى ۋاقتىدا كەلدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن دېدى .

**المدرس : أشرح لكم الدرس الآن ، فاسمعوا ، ولاتكتبوا شيأ و أنا أشرح . تأتى الواو لمعان كثيرة ، العطف ، نحو : خرج الزبير و حامد . درسنا اليوم السيرة والفقه . أكلت وشربت . ومنها : القسم ، نحو : والله مارأيت . و واوالقسم من حروف الجر .**

ئوقۇتقۇچى : مەن ھازىر سىلەرگە دەرسنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن ، قۇلاق سېلىڭلار ، مەن چۈشەندۈرگەن ۋاقىتتا بىر نەرسە يازماڭلار . ۋاۋ(الواو) كۆپلىگەن مەنالار ئۈچۈن كىلىدۇ ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

باغلاش ئۈچۈن كىلىدۇ، مەسىلەن :

خرج الزبير و حامد. ھامىد بىلەن زۇبەير چىقتى .

درسنا اليوم السيرة والفقه. بىز بۈگۈن تارىخ بىلەن فىقهى دەرسى ئوقۇدۇق .

أكلت وشربت. مەن يېدىم ۋە ئىچتىم .

قەسەم بولسا ۋاۋ(الواو) نىڭ يەنە بىر مەنىسىدۇر مەسىلەن : والله مارأيت. ئاللاھ بىلەن قەسەم كۆرمىدىم . قەسەمنىڭ ۋاۋسى زىر ئوقۇتقۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

**ومنها : الحال ، نحو : أتيت النبي ( صلى الله عليه وسلم ) وهو في المسجد ، أي حال كونه في المسجد . رأيت الحسن وهو يخرج من المقصف ، أي حال خروجه منه . وإليكم أمثلة أخرى لواو الحال :**

**(1) مات أبي وأنا صغير . (2) دخلت المسجد والإمام يركع . (3) لاتأكل وأنت شبعان .**

هال بولسا ۋاۋ(الواو) نىڭ يەنە بىر مەنىسىدۇر : مەسىلەن : أتيت النبي ( صلى الله عليه وسلم ) وهو في المسجد ، أي حال كونه في المسجد ـمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مەسجىددىكى چاغدا كەلدىم ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدتىكى ھالىتىدەكەلدىم .

رأيت الحسن وهو يخرج من المقصف ، أي حال خروجه منه ـ مەن ھەسەننى دۇكاندىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ، يەنى دۇكاندىن چىقىۋاتقان ھالىتىدە كۆردۈم .

ھالنىڭ ۋوسىنىڭ باشقا مىساللىرىغا قۇلاق سېلىڭلار :

(1) مات أبي وأنا صغير ـمەن كىچىك ۋاختىمدا دادام ئۆلۈپ كەتتى .

(2) دخلت المسجد والإمام يركع ـمەن ئىمام رۇكۇ قىلغان ھالەتتە مەسجىدكە كىردىم .

(3) لاتأكل وأنت شبعان ـسىنىڭ قورسىقىڭ توق تۇرۇپ بىرنەرسە يېمە .

**لعلكم فهمتم . هات الآن مثالا لواو العطف يا أيوب .**

بەلكىم چۈشەندىڭلارغۇ دەيمەن . ئەييۇب ھازىر باغلاش ۋوسى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرگىن .

**أيوب : ذهبت إلى السوق و اشتريت أشياء .**

ئەييۇب : مەن بازارغا بېرىپ نەرسە كىرەكلەر سېتىۋالدىم .

**المدرس : أحسنت . هات مثالا لواو القسم يا معاوية .**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ. ھەي مۇئاۋىيە! قەسەمنىڭ ۋاۋ(الواو) سى ئۇچۇن بىر مىسال كەلتۈر .

**معاوية : والله ما غبت قط .**

مۇئاۋىيە : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن پەقەت يوقاپ كەتمىدىم .

**المدرس : أحسنت . هات مثالا لواو الحال يا فيصل .**

ئوقوتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ . ئى فەيسەل! ھالنىڭ ۋاۋ(الواو) سى ئۇچۇن بىر مىسال كەلتۈرگىن .

**فيصل : دخلت المسجد والإمام يخطب .**

فەيسەل : مەن مەسجىدكە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە كىردىم .

**المدرس : أحسنت . هات مثالا آخر يا يونس .**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ. ئى يۇنۇس! باشقا مىسال كەلتۈرگىن .

**يونس : طلبت العلم وأنا كبير .**

يۇنۇس : مەن ياشىنىپ قالغان ھالىتىمدە ئىلىم تەلەپ قىلدىم .

**المدرس : أحسنت . يا عبيدالله ، اذكر اية فيها واو للحال .**

ئوقۇتقۇچى: ياخشى قىلدىڭ. ھەي ئۇبەيدۇللاھ ، سەن ھالەتنىڭ ۋاۋ(الواو) سى بولغان بىر ئايەتنى سۆزلەپ باق .

**عبيدالله : أعوذ بالله من الشيطان الرجيم . بسم الله الرحمن الرحيم . [ ان الذين كفروا وماتوا وهم كفار أولئك عليهم لعنة الله والملائكة والناس أجمعين ] . البقر : 161 ]**

ئۇبەيدۇللاھ : ئاللانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمەن . ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن . [ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە كاپىر ھالەتتە ئۆلگەنلەرگە ئاللاھنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن .] بەقەرسۈرىسى 161-ئايەت.

**المدرس : أين واو الحال في هذه الآية ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇ ئايەتتىكى ھالنىڭ ۋوسى قەيەردە ؟

**عبيدالله : في قوله تعالى : [ وهم كفار ] .**

ئۇبەيدۇللاھ : ھالنىڭ ۋوسى ئاللاھنىڭ [ وهم كفار ] دىگەن سۆزىدە .

**المدرس : أحسنت ....... بقي ثلاث دقائقَ . فهل من سؤال ؟**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ..... ئۈچ مىنۇت قالدى. سورايدىغان سۇئال بارمۇ ؟

**معاوية : نعم لدي سؤال . ما معنى ( الحرم )في قوله تعالى : [ يا أيها الذين آمنوا لاتقتلوا الصيد وأنتم حرم ] ؟ [ المائدة ] 95 ].**

مۇئاۋىيە : ھەئە مىنىڭ سۇئالىم بار . [ يا أيها الذين آمنوا لاتقتلوا الصيد وأنتم حرم ] [ المائدة ] 95 ] دىگەن ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدىكى ( الحرم ) نىڭ مەناسى نىمە ؟

**المدرس : معناها ( محرمون ). مفردها ( حرام ) : أي ( محرم ) .**

ئوقۇتقۇچى : ئۇنىڭ مەنىسى ( ئىھرام باغلىغۇچىلار ) . ئۇنىڭ بىرلىكى ( حرام ) : يەنى ( محرم ) ئىھرام باغلىغۇچى.

**معاوية : جزاك الله خيرا**

مۇئاۋىيە : ئاللاھ سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن .

**( يرن الجرس ، ويخرج المدرس وهو يقول : السلام عليكم ورحمة الله وبركاته )**

قۇڭغۇراق جىرىڭلايدۇ ، ئوقۇتقۇچى: السلام عليكم ورحمة الله وبركاته دىگىنىچە چىقىپ كىتىدۇ .

## بۇ دەرىستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ھالنىڭ «و»سى توغرىسىدا

ھال قوشۇمچىسى بولغان «و» ھالنى ھال ئىگىسىگە باغلايدىغان قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پېئىللىق جۈملە، ئارقىسىدا بىر ئىسىملىق جۈملە كېلىدۇ ۋە ئۇ ئالدىغا كىرگەن جۈملە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

حَجَجْتُ وَأنَا صَغِيْرٌ (مەن كىچىك تۇرۇپ ھەج قىلدىم)

مَاتَ الرَّجُلُ وَهُوَ نَائِمٌ (ئەركىشى ئۇخلىغان ھالەتتە ئۆلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: پېئىلنام توغرىسىدا

پېئىلنام ـــ پېئىلنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان، لېكىن پېئىلنىڭ بەلگىلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان سۆز (اسم الفعل)دىن ئىبارەت.

مەسىلەن: «إلَيْكَ» ـــ «خُذْ» (تۇت) دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن پېئىلنامدۇر:

إِلَيْكَ هٰذَا الْكِتَابَ (بۇ كىتابنى ئوقۇ)

يَقُوْلُ الْمُذِيْعُ: إِلَيْكُمْ نَشْرَةَ الْأَخْبَار

(رىياسەتچى ئېيتىدۇ: تۆۋەندە خەۋەرلەر ئاڭلاڭلار)

«آمِيْنْ» ـــ «إِسْتَجِبْ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ مەنىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان پېئىل ئىسىمدۇر:

آمِيْنْ (ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن)

### 3- مەزمۇن: بەزى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

تېكستتە «شَفَاهُ الله» (ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن) دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇ دۇئا جۈملىدىن ئىبارەت. بۇ جۈملىدە ئۆتكەن زامان پېئىلى كەلگۈسى زامان پېئىلى مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، شۇنىڭغا ئوخـشىغان ھەرقانداق دۇئا جۈملە كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:(رضـي الله عنـه) ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ، (رحمـه الله )ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن دېگەنگە ئوخشاش

### 4- مەزمۇن: زىيادە بولۇپ كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا

تېكستتە «هَلْ مِنْ سُؤَالٍ؟» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەسلىسى «هَلْ مِنْ سُؤَالٍ عِنْدَكَ؟»دۇر. ئۇنىڭدىكى «مِنْ» ـــ زىيادە سۆز بولۇپ، ئىگىنىڭ ئالدىغا كىرگەن. «مِنْ» نىڭ زىيادە بولۇپ كىرىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- «مِنْ» دىن بۇرۇن نَفْيٌ(بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى) ، أو نَهْيٌ (چەكلەش قوشۇمچىسى)، أو "هَلْ" دېگەن سوراق قوشۇمچىسى كېلىشى كېرەك.

2- «مِنْ»دىن كېيىن كەلگەن ئىسىم ئېنىقسىز ئىسىم بولۇشى كېرەك.

ئۇنىڭ باشقا ھۆكۈملىرىنى ئاللاھ خالىسا ئالدىمىزدا ئوقۇيمىز.

### 5- مەزمۇن: «عِنْدَ» مەنىسىدە كەلگەن «لَدَى» توغرىسىدا

تېكستتە «لَـدَيَّ سُـؤَالٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «لَـدَى» ئورۇن رەۋىشى بولۇپ، «عِنْـدَ» مەنىسىدە كەلگەن. «لَـدَى»نىڭ «ئەلف»ى كىشىلىك ئالماش (ضمير)غا قوشۇلغان چاغدا «ي»غا ئالمىشىدۇ. خۇددى «إِلَى» ۋە «عَلَى»نىڭ «ئەلف»ى ئالماشقاندەك:

لَدَى + ه = لَدَيْهِ لَدَى + ك = لَدَيْكَ لَدَى + ي = لَدَيَّ

تمـــارين

1ـأجب عن الأسئلة الآتيــة:

(1)أين رأى فيصل ـ حامدا؟

(2)أين ذهب حمزة؟

(3)متى خرج الطلاب من مكة، ومتى وصلوا المدينة المنورة؟

(4)من الذي قرأ الحديث؟

(5)ما معنى "الحُرُم " في الآية الواردة في الدرس؟ وما مفردها؟

2ـتأمل الأمثلة الآتية لــ (واو الحال):

(1)حَجَجْتُ وأنا صغيرٌ.

(2)دخلت المسجدَ والناسُ يخرجون منه.

(3)مات الرجل وهو نائمٌ.

(4)عاش جَدِّي أكثرَ من مِائَةِ عامٍ، ومات وأنا صغيرٌ.

(5)طلبت العلم وأنا مُتَزَوِّجٌ.

(6)لا تقرأ الصحيفة وأنت تمشي في الشارع.

(7) قال تعالى: { لا تَقْرَبوا الصَّلاةَ وأنتم سُكارَى } [ النساء/43] .

3ـمَيِّزْ (واو العطف) مِن (واو الحال) في الجمل الآتية . ضع خطّاً واحداً تحت واو العطف، وخطّين تحت واو الحال.

(1)خرج المدرس من الفصل، وذهب إلى مكتب المدير.

(2)دخلت على المدير وهو يكتب.

(3)دخل حامد ومُعَاوِيَة والحسن الفصل والمدرس يشرح الدرس.

(4)أعرف اللغتين الإنكليزية والفرنسية.

(5)جاءني الولد وهو يبكي، ورجع وهو يضحك.

(6)دخل إسماعيل المسجد والإمام يقرأ الفاتحة.

4 ـ عيِّن نوع كل واوٍ مما ورد في الجملة الآتية:

واللّه ما غبت يوما وأنا صحيح لا هذه السنةَ ولا السنةَ الماضيةَ.

5ـأكمل كل جملة مما يأتي بجملة حالية مناسبة (و + جملة اسمية):

(1)دخلت المسجد

(2)وصلتِ الطَّائرة مطار جدة

(3)حججت

(4)رأيت المدرس

(5)مات عَمِّي

(6)خرجت من المدينة

(7)وصلت الرياضَ

6ـاجعل كل جملة مما يأتي جملة حالية لجملة من إنشائك:

| | |
|---|---|
| (1) ...................................... | أنت تمشي في الشارع. |
| (2) ...................................... | أنا طفل |
| (3). .................................................................................. | المدرس يكتب الدرس على السّبورة. |
| (4). .................................................................................. | المَطَرُ ينزِل |
| (5). .................................................................................. | الشمس تَغْرُبُ. |
| (6). .................................................................................. | المُؤَذِّنُ يُقِيمُ. |
| (7). .................................................................................. | أنا صغير. |

7ـيطلب المدرس إلى كل طالب أن يقرأ الدرس وهو جالس/ وهو واقف للتأكد من فهمه للجملة.

8ـ تفيد "لَعَلَّ " التَرَجِّيَ والإشْفاقَ، ويَتَّضِحُ الفَرْقُ بينهما من المثالينِ الآتيين:

(1)لعلّه بخيرٍ، أي أرجو أن يكون بخير. (هذا التَّرجيِّ)

(2)لعلّه مريضٌ، أي أَخْشَى أن يكون مريضاً. (هذا الإشْفاقُ)

ماذا تفيد (لعلّ) في الجمل الآتية:

(1)لعلّك ناجحٌ. (2)لعلّكَ راسبٌ

(3)لعل الامتحان سهل. (4)لعلى الامتحان صعب.

(3)قال صلى الله عليه وسلم في حَجةِ الوداعِ : لعلي لا أحجُّ بعد عاميْ هذا.

9- "إلَيْكُمْ أمثلةً أُخْرى " هنا "إليكم " اسمُ فعْلٍ. واسْمُ الفِعْلِ كلمة تَدلُّ على ما يدل عليه الفعل غير أنها لا تَقْبَل علامَتَهُ.

و "إليك " معناه " خذْ ". تقول:

(1)إليكَ هذا الكتابَ . (2)يا أختي ، إليكِ المَلاعِقَ.

(3)يقول المُذِيعُ : إليكم نَشْرَةَ الأخْبارِ.

وكذلك" آمِينْ " اسمُ فعل بمعنى " اِسْتَجِبْ."

10-"أَشْياءُ" ممنوعٌ من الصرف لأنّ أصلها (أَشْيئاءُ) على وزن (أَفْعِلاء)، نحو: أَغْنِياءُ، وأَصدِقَاءُ.

11-"شَفَاه اللّه ." هذا دُعاءٌ . والفعل الماضي هنا مُسْتَقْبَلٌ في المعنى[3]

هات مثالاً آخر من الدرس للفعل الماضي الذي يُفِيدُ الدُّعاءَ.

12-"هَلْ مِنْ سُؤالٍ؟ ". أَصْلُ هذه الجملة "هَلْ مِنْ سُؤَالٍ عِنْدَكَ؟ ". هذه "مِنْ " الزائدةُ، ومن شُروط دُخولِها:

(1)أنْ يَسْبقَها نَفْيٌ ، أو نَهْيٌ ، أو اسْتِفْهامٌ ب "هَلْ."

(2)أنْ يكونَ مجرورُها نَكِرةً.

كَوِّنْ جُمَلاً على غِرَارِهِ مستعملاً لكلمات التي بين القوسين:

المثال :هَلْ مِنْ سُؤَالٍ؟ (ســؤال)

(1).............؟ (خَبَــر)

(2).............؟ (جديــد)

(3)...........؟ (مَــزيد)

13-"لَدَيَّ سؤالٌ" ." لَدَى" ظَرْفُ مكانٍ بمعنى "عندَ". وتُقْلَبُ أَلِفُهُ ياءً مع الضمير كما تُقْلَبُ أَلِفُ "إلى" و"على"، فتقول: لَدَيْهِ، لَدَيْكَ، لديَّ.

وإليك الأمثلـــة:

(1)وجدتـــه لَدَى البـــابِ . (2)ماذا لَدَيْكَ.

(3) وفي التنزيل: (أ) { ولَدَيْنَا كتابٌ يَنْطِقُ بالَحقِّ } [ المؤمنون/62].

(ب) {كُلُّ حِزْبٍ بما لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ } [الروم/32] .

14-ما ضِدُّ "المريض" ؟

15-هات ماضِيَ الأفعالِ الآتية:

---

[3] يُنْفَى الفعلُ الماضي الذي يُفيدُ الدعاء بـــ "لا" نحو. "لا فضَّ اللّهُ فاكَ

يَحْمِلُ، يَطْلُعُ، يَخْطُبُ، يَغْرُبُ، يَقْرَبُ، يَنْطِقُ.

16_هات مفرد الأسماء الآتيـــة:

حُرُم، سُكارَى، مَلائكة، مَعانٍ.

17_هات جمع الأسماء الآتيـــة:

عام، طِفْل، صحيح، مُتَزَوِّج، حِزب، إمَام.

18_"دخلتُ على المدير"، أي : دخلتُ مكتبَ المديرِ وهو فيه.

19_ "أقامَ الصلاةَ "، المضارع " : يُقِيمُ "، والأمر: " أَقِمْ."

20_ما الفرق بين" العَبَدْ" و"العُبَيْد"؟ ماذا تُسَمَّى صيغَةُ "العُبَيْد" في الصرف؟

21_"وَصَلتُ المدينةَ"، و"وَصلْتُ إلى المدينةِ" كلاهما صحيح .

22_يُجْمَعُ" مَعْنَى" على "مَعانٍ ". هاكَ أمثلةً أخرى لمثل هذا الجمع:

جارِيَة : جَوَارٍ ، مَاشيَة : مَوَاشٍ، دَاعِية : دَواعٍ، نَادٍ : نَوادٍ ، لَيْلَة : لَيَالٍ.

هذه الأسماء على وزن "مَفَاعل "، غير أنَّها تُنَوَّنُ في الرفع والجرِّ، ولا تُجَرُّ بالفتحة. تقول:

(1)للــواوِ مَعَانٍ كثــيرةٌ.

(2)تأتِي الواوُ لِمَعَانٍ كثيرةٍ.

(3)أعــرفُ للــواوِ مَعــانِيَ كَثــيرةً.

## الدرس الثالث(3)

**المدرس : لم تأخرتم يا إخوان ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى قېرىنداشلار! نىمە ئۈچۈن كېچىكتىڭلار؟

**الزبير : لأن المطعم فتح اليوم متأخرا .**

زۇبەير : چۈنكى، ئاشخانا بۈگۈن كېيىن ئېچىلدى.

**المدرس : متى فتح ؟**

ئوقۇتقۇچى : قاچان ئېچىلدى؟

**الزبير: فتح الساعة السادسة .**

زۇبەير : سائەت ئالتىدە ئېچىلدى .

**المدرس : ومتى يفتح كل يوم ؟**

ئوقۇتقۇچى: ھەر كۈنى قايسى ۋاقىتتا ئېچىلاتتى ؟

**جابر : يفتح الساعة السادسة إلا ربعا .**

جابىر: ئالتىگە ئون بەش مىنۇت قالغاندا ئېچىلاتتى .

**المدرس : إجلسوا وافتحوا الكتاب . أين كتابك يا إدريس ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئولتۇرۇپ كىتابنى ئېچىڭلار . ئى ئىدرىس! سىنىڭ كىتابىڭ قەيەردە ؟

**إدريس : سرق كتابي ياأستاذ .**

ئىدرىس : ئى ئۇستاز! كىتابىم ئوغۇرلاندى.

**المدرس : سرق كتابك ؟ متى وأين ؟**

ئوقۇتقۇچى : كىتابىڭ ئوغۇرلاندى ؟ قاچان؟ قەيەردە ؟

**إدريس : سرق البارحة من غرفتي وأنا غائب عنها . وسرقت معه أشياء أخر : ساعتي وحذائي ومعظم**

**ملابسي .**

تۇنۇگۈن كەچ ياتىقىمدىن ئوغۇرلاندى ، مەن ياتاقتا يوق ئىدىم . كىتابىم بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەر ئوغۇرلاندى : سائىتىم ئايىقىم ۋە كۆپىنچە كىيىملىرىم بىللە ئوغۇرلاندى .

**المدرس : عوضك الله منها .....أريد الآن أن أسألكم أسئلة فيما درستم أمس . فى أي شهر ولد رسول الله ــ صلى الله عليه وسلم ـ ؟**

ئاللاھ ساڭا ئۇنەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بەرسۇن .....هازىر سىلەردىن تۈنۈگۈن ئوقۇغان مەزمۇنلاردىكى سۇئاللارنى سورىماقچىمەن. رسول ـ صلى الله عليه وسلم- قايسى ئايدا تۇغۇلدى ؟

**أحمد : ولد صلى الله عليه وسلم ــ فى شهر ربيع الأول .**

ئەھمەد : رسول ـ صلى الله عليه وسلم- ربيع الأول ئېيىدا تۇغۇلدى .

**المدرس : وفى أي سنة ولد صلى الله عليه وسلم يا جابر ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى جابىر رسول ـ -صلى الله عليه وسلم ــ قايسى يىلدا تۇغۇلدى ؟

**جابر : ما أدري .**

جابىر : بىلمەيمەن .

**المدرس : ألم تدرسوا هذا ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇنى ئوقۇمىغانمىدىڭلار ؟

**جابر: بلى , درسناه , ولكنني نسيت .**

جابىر : شۇنداق ، ئوقۇغانتۇق ، بىراق مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

**المدرس : من يعرف هذا ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇنى كىم بىلىدۇ ؟

**إدريس : ولد صلى الله عليه وسلم ــ عام سبعين وخمسمائة للميلاد (570م).**

ئىدرىس : رسول ـ صلى الله عليه وسلم- مىلادىيىنىڭ بەش يۈز يەتمىشىنچى يىلى تۇغۇلغان .

**المدرس : هذا صحيح . فى أي عام ولدت أنت يا إدريس ؟**

ئوقۇتقۇچى: بۇ توغرا . ئى ئىدرىس سىز قايسى يىلدا تۇغۇلدىڭىز ؟

**إدريس : ولدت عام خمسمائة وثمانين وثلاثمائة وألف للهجرة ( 1385هـ).**

ئىدرىس : مەن ھىجرىيە بىرمىڭ ئۈچ يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلى تۇغۇلدۇم (1385).

**المدرس : وفى أي عام ولدت أنت يا أحمد ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەھمەد سىز قايسى يىلدا تۇغۇلدىڭىز ؟

**أحمد :ولدت عام سبعة وستين وتسعمائة وألف للميلاد (1967م).**

ئەھمەد : مەن مىلادىيە بىرمىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلى تۇغۇلدۇم **(1967)**

**المدرس :أين ولدت يا أحمد ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەھمەد سىز قەيەردە تۇغۇلدىڭىز؟

**أحمد : ولدت فى باكستان .**

ئەھمەد : مەن پاكىستاندا تۇغۇلدۇم .

**المدرس : أنت إذن باكستانى ....اسمعوا يا إخوان . أشرح الآن قاعدة نحوية مهمة .**

ئوقۇتقۇچى : ئۇنداقتا سىز پاكىستانلىق ئىكەنسىزدە ....ئى قېرىنداشلار! ئاڭلاڭلار . مەن ھازىر سىلەرگە مۇھىم گىراماتىكىلىق قائىدىنى ئىزاھلاپ بېرىمەن .

**الفعل إما مبنى للمعلوم,وإما مبنى للمجهول. أما المبني للمعلوم فمثل (قتل يقتل ). وأما المبني للمجهول فمثل (قُتِلَ يُقْتَلُ ) .**

پېئىل يا مەئلۇم ئۈچۈن قۇرۇلغان بولىدۇ ، يا مەجھۇل ئۈچۈن قۇرۇلغان بولىدۇ. مەئلۇم ئۈچۈن قۇرۇلغانىنىڭ مىسالى (قتلَ, يقْتُلُ)غا ئوخشاش ، مەجھۇل ئۈچۈن قۇرۇلغانىنىڭ مىسالى (قُتِلَ , يُقْتَلُ)غا ئوخشاش .

**يحذف الفاعل مع الفعل المبني للمجهول , ويحل المفعول به محله ويسمى (نائب فاعل ), وهو مرفوع .**

**نقول:قَتَلَ الجنديُّ الجاسوسَ.ـ قُتِلَ الجاسوسُ. يسمع الناس الأذان بوضوح . يُسمَع الأذان بوضوح .**

مەجھۇلغا قۇرۇلغان پېئىلدا پائىل تاشلىنىپ كېتىدۇ ،( مفعول به ) شۇ پائىلنىڭ ئورنىغا چۈشىدۇ ۋە نائب پائىل دەپ ئاتىلىدۇ ، (مفعول به) پەش ئوقۇلىدۇ. دېمەكمىز:

قَتَلَ الجندي الجاسوس ـ ئەسكەر جاسۇسنى ئۆلتۈرۈۋەتتى .

قُتِلَ الــجاسوس ـ جاسۇس ئۆلتۈرۈلدى .

يسمع الناس الأذان بوضوح ـ كىشلەر ئەزاننى ئوچۇق ئاڭلايدۇ .

يُسمَع الأذان بوضوح ـ ئەزان ئوچۇق ئاڭلىنىدۇ .

**يا معاوية : ابن الفعل في هذه الجملة للمجهول : خلق الله الإنسان من طين .**

ئى مۇئاۋىيە: بۇ جۈملىدىكى پىئىلنى مەجھۇل ئۈچۈن قۇرىغىن:

خلق الله الإنسان من طين ـ ئاللاھ ئىنسانىنى لايدىن ياراتتى.

**معاوية : خلق الإنسان من طين .(الإنسان) هنا نائب فاعل .**

مۇئاۋىيە : ئىنسان لايدىن يارىتىلدى . (ئىنسان ) بۇ يەردە نائىب پائىل.

**المدرس : هات مثالا آخر للفعل المبني للمجهول يا إدريس .**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئىدرىس! مەجھۇل ئۈچۈن قۇرۇلغان پىئىلغا باشقا بىر مىسال كەلتۈر.

**إدريس : قتل عمر رضي الله عنه وهو يصلى بالناس فى المسجد النبوي .**

ئىدرىس: ئۆمەر ـ رضي الله عنه ـ مەسجىدى نەبەۋىيدە ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلدى .

**المدرس : يا أحمد, هات مثالا آخر على أن يكون الفعل فيه مضارعا .**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەھمەد! پىئىل ئۇنىڭدا (مضارع )بولىدىغانغا يەنە بىر مىسال كەلتۈر .

**أحمد : يقتل آلاف من الناس فى الحروب .**

ئەھمەد: مىڭلىغان كىشىلەر جەڭلەردە ئۆلتۈرىلىدۇ .

**المدرس: ياجابر , هات مثالا آخر على أن يكون نائب الفاعل فيه مؤنثا .**

ئوقۇتقۇچى: ئى جابىر ، نائىب پائىل مۇئەننەس بولىدىغان يەنە بىر مىسال كەلتۈر.

**جابر : تقرأ سورة الفاتحة فى كل ركعة .**

جابىر: سۈرە فاتىھە ھەر رەكئەتتە ئوقۇلىدۇ.

**المدرس : ياحسن , أتستطيع أن تذكر آية فيها فعل مبني للمجهول ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى ھەسەن، ئىچىدە مەجھۇل ئۇچۇن قۇرۇلغان پېئىل بار ئايەتنى سۆزلىيەلەمسەن؟

**الحسن : نعم , أستطيع بعون الله . قال تعالى : (والذين يدعون من دون الله لايخلقون شيئا وهم يخلقون )**

ھەسەن : ھەئە ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سۆزلىيەلەيمەن . ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : (ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (بۇتلىرى)ھېچ نەرسە يارىتالمايدۇ ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر.)

**المدرس : أحسنت ياحسن. أيمكنك أن تذكر حديثا نبويا يحوي فعلا مبنيا للمجهول يا زبير ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ھەسەن! ياخشى قىلدىڭ . ئى زۇبەير مەجھۇل ئۇچۇن قۇرۇلغان پېئىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەيغەمبەر ــ صلى الله عليه وسلم ــنىڭ ھەدىسىنى سۆزلىيەلەمسەن ؟

**الزبير : يمكنني إن شاء الله . قال ــ صلى الله عليه وسلم ــ لايلدغ المؤمن من جحر واحد مرتين ) .(رواه البخاري ومسلم ).**

زۇبەير: ئاللاھ خالىسا سۆزلىيەلەيمەن . پەيغەمبەر ـ صلى الله عليه وسلم ـ مۇنداق دىگەن ( مۆئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ ) .(بۇخارىي مۇسلىم رىۋايەت قىلغان )

**المدرس : ماشاء الله .**

ئوقۇتقۇچى: الله خالىغان ئىش چوقۇم بولىدۇ!!

**الحسين : انتهى الوقت يا أستاذ .**

ھۇسەين : ئى ئۇستاز! ۋاقىت توشتى .

**المدرس : أرن الجرس ؟**

ئوقۇتقۇچى: قوڭغۇراق چېلىندىمۇ ؟

**الحسين : لايسمع صوت الجرس فى فصلنا هذا .**

ھۇسەين : بىزنىڭ بۇ سىنىپتا قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ.

**المدرس : منذ متى ؟**

ئوقۇتقۇچى: قاچاندىن باشلاپ؟

**الحسين : منذ أسبوعين أو أكثر .**

هۈسەين: ئىككى ھەپتە ياكى كۆپراق ۋاقىتتىن باشلاپ ئاڭلانمايدۇ .

## بۇ دەرستىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئۆتكەن زامان پېئىلنى مەجهۇل پېئىل شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئۆتكەن زامان پېئىلنى مەجهۇل قىلماقچى بولساق، بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى پەشلىك قىلىمىز، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى زىرلىك قىلىمىز. مەسىلەن:

كَتَبَ ← كُتِبَ　　　شَرِبَ ← شُرِبَ

دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلنى مەجهۇل قىلماقچى بولساق، بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى پەشلىك قىلىنىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يَكْتُبُ ← يُكْتَبُ　　　يَشْرَبُ ← يُشْرَبُ

يَعْبُدُ ← يُعْبَدُ　　　يَخْلُقُ ← يُخْلَقُ

دېگەنگە ئوخشاش.

مەجهۇل پېئىل ئىشلىتىلگەن جۈملىدە پائىل تاشلىنىپ كېتىپ، تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرى پائىلنىڭ ئورنىدا پەشلىك ئوقۇلىدۇ ھەمدە نائىب پائىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

يَشْرَحُ الْمُدَرِّسُ الدَّرْسَ مَرَّتَيْنِ

(ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئىككى قېتىم چۈشەندۈردى)

يُشْرَحُ الدَّرْسُ مَرَّتَيْنِ　(دەرس ئىككى قېتىم چۈشەندۈرۈلدى)

ئەگەر تولدۇرغۇچى كىشىلىك ئالماش بولسا، پائىلنىڭ ئورنىدا تۇرۇش ئۈچۈن باش كېلىشنىڭ ئالمىشى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

أَسْأَلُكَ الْمُدِيْرُ عَنِ الْغِيَابِ

(مۇدىر سەندىن يوقاپ كەتكەنلەرنى سورىدىمۇ)

ئەمدى بۇ جۈملە مەجهۇل قىلىنسا مۇنداق بولىدۇ:

أَسُئِلْتَ عَنِ الْغِيَابِ　(يوقاپ كەتكەنلەر توغرىسىدا سورالدىڭمۇ)

### 2- مەزمۇن: «ال»قوشۇلغان خاس ئىسىملارنىڭ چاقىرىلىشى توغرىسىدا

«ال» قوشۇلغان خاس ئىسىملارنى چاقىرغاندا «ال» تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْحَسَنُ ← يَا حَسَنُ　　　اَلْحَارِثُ ← يَا حَارِثُ

اَلْبَرَاءُ ← يَا بَرَاءُ　　　اَلزُّبَيْرُ ← يَا زُبَيْرُ

دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: نسبەت قوشۇمچىسى توغرىسىدا

نسبەت قوشۇمچىسى ـــ تەۋەلىكنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان تەشدىدلىك «ي»نى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْهِنْدُ (ھىندىستان) ⟵ هِنْدِيٌّ (ھىندىستانلىق)

اَلْعِرَاقُ (ئىراق) ⟵ عِرَاقِيٌّ (ئىراقلىق)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 4- مەزمۇن: «إِمَّا» توغرىسىدا

«إِمَّا» ـــ ئايرىش قوشۇمچىسى بولۇپ، گۇمان ياكى تاللاش مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

إِمَّا تَزُوْرِنِيْ وَإِمَّا أَزُوْرُكَ

(ياكى سەن مېنى يوقلايسەن، ياكى مەن سېنى يوقلايمەن)

إِبْرَاهِيْمُ إِمَّا مَرِيْضٌ وَإِمَّا مُسَافِرٌ

(ئىبراھىم ياكى ئاغرىپ قالدى، ياكى سەپەر قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

### تمـــارين

1_أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)لِمَ تَأَخَّرَ الطلاب؟

(2)في أي ساعة يُفتَحُ المطعم كلَّ يوم؟ ومتى فُتِحَ اليوم؟

(3)في أي شهر ولد النبي صلى الله عليه وسلم ؟

(4)في أي عام ولد النبي صلى الله عليه وسلم ؟

(5)في أي عام ولدت أنت؟

(6)أين قتل عمر رضي اللّه عنه؟

(7)أيَّ سورة تقرأ في كل ركعة؟

(8)من الذي سُرِقَ كتابه؟

2 _ تأمل الأمثلة الآتية للفعل المبني للمجهول، وعَيِّن نائبَ الفاعلِ في كل واحد منها:

(1)بُنِيَ الإسلامُ على خمس: شَهادةِ أَنْ لا إله إلا اللّه وأنَّ محمداً رسولُ اللّه، وإِقامِ الصّلاةِ، وإيتاء الزكاة، والحجِّ، وصَوْمِ رمضانَ."

(2)قُتِـــلَ عليٌّ رضي اللّه عنـــه بالكُوفـــة.

(3)لا تُفْتَحُ المكتبـــةُ يومَ الجُمُعَـــة.

(4)وُجِـــدَ هذا القلمُ تحـــتَ المكتب.

(5)تُقْطَـــعُ يَـــدُ الســـارق.

(6)لا يُسْـــمَعُ الأذانُ في بيتنـــا.

(7)يَجبُ أن يُكْتَبَ العُنْوانُ بخَطٍّ واضِحٍ.
(8)قُبِضَ النبيُّ صلى الله عليه وسلم وهو ابن ثلاثٍ وستِينَ سنةً.

3ـتأمل ما يلي:

جلسَ الطالبُ. هنا (الطالب) فاعل. الفاعلُ يَتَقَدَّمهُ فعلٌ مبني للمعلوم.

سُئِلَ الطالب . هنا (الطالبُ) نائبُ فاعلٍ. نائب الفاعل يتقدمه فعل مبني للمجهول.

4ـاِبْنِ الأفعالَ الآتية للمجهول. لاحِظْ أنَّ الفعل الماضيَ المبنيَّ للمجهول يُكْسَرُ ما قَبْلَ آخره، ويضَمُّ كل مُتَحَرِكٍ قبْلَه، نحو: كَتَبَ / كُتِبَ.

| المَبْنيّ للمعلوم | المبني للمجهول | المَبْنيّ للمعلوم | المَبْنيّ للمجهول |
|---|---|---|---|
| ضَرَبَ | ............................................ | شَرِبَ | ............................................ |
| سَمِعَ | ............................................ | غَسَلَ | ............................................ |
| ذَبَـــحَ | ............................................ | أخَـــذَ | ............................................ |
| بنـــى | ............................................ | حَفظَ | ............................................ |
| وَلَـــدَ | ............................................ | سَـــأَلَ | ............................................ |
| وَجَـــدَ | ............................................ | قَـــرَأَ | ............................................ |

5ـابنِ الأفعال الآتية للمجهول:

لاحِظْ أن الفعل المضارع المبني للمجهول يُضَمَّ أولهُ، ويُفْتَحُ ما قبلَ آخره ، نحو : يَكْتُبُ /يُكْتَبُ.

| المَبْنيُّ للمعلوم | المَبْنيُّ للمجهول | المَبْنيُّ للمعلوم | المَبْنيُّ للمجهول |
|---|---|---|---|
| يَشْرَبُ | ............................................ | يَفْهَمُ | ............................................ |
| يَعْبُدُ | ............................................ | يَخْلُقُ | ............................................ |
| يَقطَعُ | ............................................ | يَشرح | ............................................ |
| يَسْأل | ............................................ | يَأْخذُ | ............................................ |
| يَبْني | ............................................ | يَلِـــد | يُوْلَدُ |
| يَكوي | ............................................ | يَجِـــدُ | ............................................ |
| يَدْعـــو | ............................................ | يَزنُ | ............................................ |

6ـتأمل الأمثلة الآتية ، ثم ابن الأفعال في الجملة التي تليها للمجهول:

(أ) فهِم الطلاب الدرس. — فُهِمَ الدرسُ.
(ب) فَتَحَ البَوّابُ البابَ. — فُتِح البابُ.
(جـ)سَرَقَ اللِّصُّ الساعَةَ. — سُرِقَتِ الساعةُ.
(د) يَفْتَحُ التُّجَّارُ الدكاكينَ الآن. — تُفْتَحُ الدكاكينُ الآن.

بعد بناء الفعلِ للمجهول يُحْذَفُ الفاعلُ، ويَحُلُّ المفعولُ به محلَّه مرفوعاً ويُسَمَّى (نائبَ فاعلٍ).

(1)يَشْرَحُ المدرسُ الدرسَ مَرّتين.

(2)ما صَلَبَ اليَهودُ المسيحَ.
(3)يَقْرَأُ الطالبُ الدرسَ بصوتٍ عالٍ.
(4)يَعْبُدُ النَّاسُ الأوثانَ في كثير من البلاد.
(5)مَنعَ المديرُ الطلابَ المتأخرين من الدخول.
(لَيْـــتَ) :تفيد التَمَنِّيَ، نحو :لَيْتَ الشَّبابَ يَعُودُ.

(لَعَـــلَّ) :تفيد التَرَجِّيَ والإِشْفَاقَ، نحو: لعلَّ اللّه يغفر لي .لعلَّ الجَرِيحَ يموت.

تدخلَ هذه الأحرف على المبتدأ والخبر، فَتَنْصِبُ الأَوَّلَ، ويُسَمَىَّ اسْمَها، وتَرْفَعُ الآخر، ويُسَمَّى خبرَها، نحوِ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اللّـــهُ. | غفـــورٌ. | إنَّ اللهَ | غَفَـــورٌ. |
| \| | \| | \| | \| |
| المبتدأ | الخـــبر | اسمُ إنَّ | خبرُ إنَّ |

من أحكام اسمِها وخبرِها:

ــ يجوز أن يكون اسْمُها نَكِرةً، نحو: كأنَّ شيئاً لم يَحْدُثْ.

ــ خَبَرُهَا كَخَبَر المبتدأ إما مفردٌ ، وإما جملةٌ ، وإما شِبْهُ جُملةٍ ، نحو:

(1) {إنَّ الله سَرِيعُ الحِسَاب}.

(2) {إنَّ الله يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَميعاً}. {إنَّ الله عِنْدهُ عِلمُ السَّاعة} .

(3)كأنك من الصين. لعلَّ المدرِّسَ عِنْدَ المُدِير.

ــ لا يجوز تَقَدُّمُ خَبَرِهَا عليها، ولا على اسْمِهَا، فلا يجوز: غَفُورٌ إنَّ اللّه/ في جملة (إنَّ اللّه غَفُورٌ ).

ــ يَجوُز تَوَسُّطُ خَبَرِها بينَها وبين اسْمِها إذا كان الاسمُ معرفةً والخبرُ شِبْهَ جُملةٍ ، نحو: {إنَّ إِلينَا إِيَابَهُم ثُمَّ إنَّ علَيْنا حِسَابَهُم}.

ــ ويجب ذلك إذا كانَ الاسمُ نَكِرَةً، نحو: {إنَّ لَديْنَا أنْكَالاً}. {إنَّ مَعَ العُسْرِ يُسْراً}.

ــ يجوز دخولُ نونِ الوِقايةِ على "إنَّ، وأنَّ، وكَأنَّ، ولَكِنَّ" ، فنقول: "إنَّني وإنِّي؛ وأنَّني وأنِّي؛ وكَأنَّني وكَأنِّي؛ ولَكِنَّني ولكنّي."

أما "لَيْتَ " فَلا تُحذَفُ منها إلا نُدُوراً ، فنقول: "لَيْتَني."

وأما "لَعَلَّ " فلا تدخل عليها إلا قليلاً، فنقول: "لَعَلِّي."

## (22)الدرس الثاني و العشرون

**المدرس: هاتوا الدفاتر يا إخوان. (الطلاب يسلّمون الدفاتر)**

ئوقۇتقۇچى: ئى قېرىنداشلار! دەپتەرلىرىڭلارنى بېرىڭلار. (ئوقوغۇچىلار دەپتەرلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ)

**الحسن: أنا لم أكتب الواجبات يا أستاذ.**

ھۆسەن: ئى ئۇستاز، مەن تاپشۇرۇقلارنى يازمىدىم.

**المدرس: لِمَـهْ؟**

ئوقۇتقۇچى: نىمە ئۈچۈن ؟

**الحسن: انْكَسَرتْ نَظَّارتي، فلا أستطيع أن أقرأ أو أكتب.**

ھۆسەن: مىنىڭ كۆزئەينىكىم سۇنۇپ كەتتى، مەن ئوقۇشقا ۋە يېزىشقا قادىر بولالمىدىم.

**المدرس: عُذْرك مقبول... وأين دفترك يامُعاوية؟**

ئوقۇتقۇچى: سىنىڭ ئۆزرۈڭ قوبۇل قىلىندۇ.. ئى مۇئاۋىيە! دەپتىرىڭ قەيەردە؟

**معاوية: أنا أيضاً لم أكتب.**

مۇئاۋىيە: مەنمۇ يازمىدىم.

**المدرس: أنْكَسَرتْ نَظَّارَتُكَ أيضاً؟**

ئوقۇتقۇچى: سىنىڭمۇ كۆزئەينىكىڭ سۇنۇپ كەتتىمۇ؟

**معاوية: لا، انْقَطَعَتْ الكَهْرَبَا "في مهجعنا بُعَيْدَ صَلاةِ المغرب واسْتَمرَّ الانْقِطَاعُ إلي مُنْتَصَفِ الليل.**

مۇئاۋىيە: ياق، ناماز شامدىن كېيىن بىزنىڭ ياتاقتا توك ئۈچۈپ قالدى، توك يېرىم كېچىگىچە يانمىدى.

**(يَنْفَتحُ البابُ ويَدخلُ عَدنان)**

(ئىشىك ئېچىلىدۇ ۋە ئەدنان كىرىدۇ )

**المدرس: لِمَ تأخَّرت ياعدنان؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەدنان! كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟

**عدنان: اِنْقَلَبَتْ سيارة في الطريق، فتوقَّفَ المُرور.**

ئەدنان: يولدا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قاتناش توختىدى.

**المدرس: أَنْقَلَبَتْ سيارة؟! أين؟**

ئوقۇتقۇچى: ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتىمۇ؟! قەيەردە ؟

**عدنان: في المُنْعَطَف الذي بعد الجِسْر.**

ئەدنان: كۆرۈكنىڭ كەينىدىكى دوقمۇشتا.

**المدرس: أَسَلِمَ الركّاب؟**

ئوقۇتقۇچى: يولوچىلار ساقمۇ؟

**عدنان: نعم، سلموا، والحمد للّه. لَولا فَضْلُ اللّه عليهم لَمَاتُوا... كان الانْقِلَاب عَنِيفاً، فقد انخَلَعَتْ الأبواب، وتَكَسَّرَ الزُجاج.**

ئەدنان: شۇنداق، ئۇلار سالامەت، اللەغا شۈكرى. اللەنىڭ پەزلى بولمىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى... ئۆرۈلۈش قاتتىق بولدى، ئىشىكلەر ئاجراپ كەتتى، ھەممە ئەينەكلەر سۇنۇپ كەتتى.

**المدرس: اقرأ الدرس ياطلحة.**

ئوقۇتقۇچى: ئى تەلھە، دەرسنى ئوقۇغىن.

**طلحة: اِنْكَسَفَتِ الشمسُ يومَ ماتَ إبراهيمُ، فقال الناس: انكسفت لِمَوْتِ إبراهيم. فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم" : إن الشمس والقمر آيتان من آيات الله، لا يَنْكَسِفَانِ لموت أَحَدٍ ولا لحَيَاتِه . فإذا رأَيْتُمُوهُمَا فادْعوا الله، وصلّوا حتّى يَنْجَلِيَ ". (رواه البخاري).**

تەلھە: ئىبراھىم ئۆلگەن كۈنى كۈن تۇتۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر: ئىبراھىم ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن كۈن تۇتۇلدى دىيىشتى. دىيىشتى. پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) مۇنداق دىدى: « كۈن ۋە ئاي اللەنىڭ مۆجىزىلىرىدىن، بۇ ئىككىسى بىر بىر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە ھايات بولغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. ئەگەر سىلەر كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلغانلىقىنى

كۆرسەتكەنلار اللەغا دۇئا قىلىڭلار ھەمدە كۈن ۋە ئاي يورۇغىچە ناماز ئوقۇڭلار» (بۇخارى نەقلى قىلغان)

**عدنان: من إبراهيمُ هذا يا أستاذ؟**

ئەدنان: ئى ئۇستاز، بۇ ئىبراھىم دېگەن كىم؟

**المدرس: هو ابن النبيِّ محمدٍ صلى الله عليه وسلم من مارِيَةَ القِبْطِيةِ رضي الله عنها.**

ئوقۇتقۇچى: ئۇ پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم)نىڭ قىبتىيلىك (القِبْطِيةِ) مارىيە (رضي الله عنها) دىن بولغان ئوغلىدۇر.

**معاوية: الاسم (إبراهيم) أَغَيْرُ مُنْصَرِفٍ هو؟**

مۇئاۋىيە: (إبراهيم) دېگەن ئىسىم تۈرلەنمەيدىغان ئىسىممۇ؟

**المدرس: نعم.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق.

**معاوية: لِمَهْ؟**

مۇئاۋىيە: نېمە ئۈچۈن؟

**المدرس: لأنه عَلَمٌ أَعْجَمِيٌّ ، والعلمُ الأعْجَمِيُّ لا يَنْصَرِف.**

ئوقۇتقۇچى: چۈنكى، ئۇ ئەجەم خاس ئىسىم، ئەجەم خاس ئىسىم تۈرلەنمەيدۇ.

## بۇ دەرستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: «اِنْفَعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللارنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِنْفَعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا) ۋە بىر «ن» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِنْفِعَالٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِنْكَسَرَ / يَنْكَسِرُ اِنْكِسَارٌ (سۇنماق، مەغلۇب بولماق)

اِنْفَتَحَ / يَنْفَتِحُ اِنْفِتَاحٌ (ئېچىلماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

«اِنْفَعَلَ» بابىدىكى پېئىللار ئۆتۈلمىسىز (لازم) پېئىل بولۇپ، بويسۇنۇش مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

فَتَحْتُ الْبَابَ (ئىشىكنى ئاچتىم) ⟵ اِنْفَتَحَ الْبَابُ (ئىشىك ئېچىلدى)

قَطَعْتُ الْحَبْلَ (ئارغامچىنى كەستىم) ⟵ اِنْقَطَعَ الْحَبْلُ (ئارغامچا كېسىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«اِنْفَعَلَ» بابىغا ئوخشاش «تَفَعَّلَ» بابىدا كەلگەن پېئىللارمۇ «فَعَّلَ» بابىدىكى پېئىللارغا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن:

كَسَّرْتُ الزُّجَاجَ (ئەينەكنى سۇندۇردۇم) ـــ تَكَسَّرَ الزُّجَاجُ (ئەينەك سۇنۇپ كەتتى)

قَطَّعْتُ الْحَبْلَ (ئارغامچىنى كەستىم) ـــ تَقَطَّعَ الْحَبْلُ (ئارغامچا ئۈزۈلدى)

## 2- مەزمۇن: «اِنْفَعَلَ» بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆلانما ھەمزىسىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى توغرىسىدا

ئەگەر بۇ بابتىكى پېئىللارنىڭ ئالدىغا سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە (أ) كىرسە، ئۇنىڭدىكى ئۆلانما ھەمزە (همزة الوصل) تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

أَاِنْكَسَرَ ـــ أَنْكَسَرَ (ئۇ سۇندىمۇ)

أَاِنْقَلَبَتْ السَّيَّارَة ـــ أَنْقَلَبَتْ السَّيَّارَةُ (ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتىمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: جۈملىنىڭ بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە بولۇشى توغرىسىدا

تېكىستتە «اِنْكَسَفَتْ الشَّمْسُ يَوْمَ مَاتَ إِبْرَاهِيْمُ» دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە «مَاتَ إِبْرَاهِيْمُ» دېگەن جۈملە ئىزاپەتتىكى ئېنىقلىغۇچى (مضاف إليه) بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن زىرلىك ئوقۇلغان. «يَوْمَ» ئېنىقلانغۇچى (مضاف) بولۇپ كەلگەن.

«يَوْمَ مَاتَ إِبْرَاهِيْمُ» دېگەن جۈملىنىڭ تەقدىرى: «يَوْمَ مَوْتِ إِبْرَاهِيْمَ» دېگەن بولۇپ، بۇ يەردە بۇ جۈملە بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە.

دېمەك، ھەرقانداق جۈملە بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئىئرابتىن ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن:

سَافَرْتُ يَوْمَ ظَهَرَتْ النَّتَائِجُ

(مەن نەتىجە ئېلان قىلىنغان كۈنى سەپەرگە چىقتىم)

مَرِضْتُ يَوْمَ زَارَ الْوَزِيْرُ الْجَامِعَةَ

(مىنىستىر ئۇنىۋېرسىتېتنى زىيارەت قىلغان كۈنى ئاغرىپ قالدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «لَوْلَا» توغرىسىدا

تېكىستتە «لَوْلَا فَضْلُ اللهِ عَلَيْهِمْ لَمَاتُوْا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «لَوْلَا» بولسا شەرتنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ئۈچۈن جاۋابنى چەكلەيدىغان قوشۇمچە (حَرْفُ اِمْتِنَاعٍ لِوُجُوْدٍ)دۇر. مەسىلەن:

لَوْلَا الْهَوَاءُ لَهَكَ النَّاسُ

(ئەگەر ھاۋا بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كىشىلەر ھالەك بولاتتى)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى شۇكى، ھاۋا تېپىلغاچقىلا كىشىلەر ھالەك بولمىدى.

«لَوْمَا»مۇ «لَوْلَا»نىڭ مەنىسىدە كېلىدۇ.

«لَوْلاَ»دىن كېيىن كەلگەن ئىسىم ئىگە بولۇپ، خەۋىرى تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: «لَوْلاَ الْهَوَاءُ»نىڭ تەقدىرى ـــ «لَوْلاَ الْهَوَاءُ مَوْجُوْدٌ» دېگەن بولىدۇ.

بەزى ۋاقىتتا «لَوْلاَ»دىن كېيىن «أَنَّ» ۋە ئۇنىڭ ئىسمىسى ۋە خەۋىرى كېلىپ ئىگە بولىدۇ، ئەمما ئوخشاشلا خەۋىرى تاشلىنىدۇ. مەسىلەن:

لَوْلاَ أَنَّنِيْ مَرِيْضٌ لَسَافَرْتُ مَعَكَ

(ئەگەر كېسەل بولمىغان بولسام، ئەلۋەتتە سەن بىلەن سەپەرگە چىقاتتىم)

«لَوْلاَ»نىڭ جاۋابى بولۇشلۇق بولسا، ئۇنىڭ بېشىغا «ل» (لام) قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿لَوْلاَ أَنْتُمْ لَكُنَّا مُؤْمِنِيْنَ﴾

(ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**5- مەزمۇن: كۆرستىش ئالمىشىنىڭ سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا**

تېكىستتە «مَنْ إِبْرَاهِيْمُ هٰذَا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «هٰذَا» بولسا «إِبْرَاهِيْمُ»نىڭ سۈپىتى.

دېمەك، كۆرستىش ئالمىشى خاس ئىسىمدىن كېيىن ياكى ئىزاپەتلىك بىرىكىش بىلەن ئېنىقلىقا ئايلانغان ئىسىمدىن كېيىن كەلسە سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَنْ حَامِدٌ هٰذَا (بۇ هامىد دېگەن كىم)

لِمَنْ جَوَازُ السَّفَرِ هٰذَا (بۇ پاسپورت كىمنىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

**6- مەزمۇن: ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئىسىملار توغرىسىدا**

تېكىستتە «إِنَّ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ ...لاَ يَنْكَسِفَانِ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا «يَنْكَسِفَانِ»دىكى ئالماش (ضمير) «الشمس» ۋە «القمر» دېگەن ئىسىملارغا قايتىدۇ. «الشمس» ئاياللىق جىنستىكى ئىسىم، «القمر» ئەرلىك جىنستىكى ئىسىمدىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە پېئىل ئەرلىك شەكىلدە كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئەر ئايال ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَبْنَائِيْ وَبَنَاتِيْ يَدْرُسُوْنَ بِالْجَامِعَةِ

(مېنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ)

**تمـــــارين**

1ـ أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)لِمَ لَمْ يكتب الحسن ومعاوية الواجبات؟

(2)لِمَ تأخر عدنـــان؟

(3)أين انقلبت السيارة؟

(4)متى انكسفت الشمس؟

(5)ماذا قال الناس؟

(6)بماذا أمرنا النبي صلى الله عليه وسلم عند انكساف الشمس والقمر؟

* من أبواب الفعل الثلاثي المزيد باب (انْفَعَلَ= اِنْ+ فَعَلَ)، زِيْدَتْ فيه الهمزةُ والنونُ قبل الفَاءِ، نحو: اِنْفَتَحَ، اِنكَسَرَ، اِنْقَطَعَ.

2ـ استخرج من الدرس الأفعال الواردة فيه من باب (انفعل).

3ـ تأمل المثال، ثم هات المضارع واسم الفاعل والمصدر من الأفعال الآتيـــة:

| الماضي | المضارع | اسم الفاعل | المصدر |
|---|---|---|---|
| اِنْكَسَرَ | يَنْكَسِرُ | مُنْكَسِـــرٌ | اِنْكِسَارٌ |
| اِنْفَتَحَ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِنْقَلَبَ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِنْقَطَعَ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِنْصَرَفَ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِنْشَقَّ | ........................ | مُنْشَقٌّ | ........................ |
| اِنْجَلَى | ........................ | مُنْجَلٍ | اِنْجِلاء (اصلهُ: اِنْجِلاو) |

4ـ يفيد باب (انفعل) المُطَاوَعَةَ، تقول: فتحتُ البابَ، فانْفَتَحَ. تأمل المثال، ثم أكمل الناقص:

المثال: فَتَحْتُ البابَ . انْفَتَحَ البـــابُ

(1)كسَرْتُ الكُــوبَ ........................................................................

(2)قَطَعْتُ الحَبْــلَ ........................................................................

(3)قَلَبْتُ الكِتَــابَ ........................................................................

(4)هَزَمَ المسلمُونَ الكُفّارَ ........................................................................

5ـ مُطاوِعُ فَعَلَ اِنْفَعَلَ كما رأيت. أما فَعَّلَ، فَمُطَاوِعُهُ تَفَعَّلَ.

تأمل المثال ثم أكمل الناقص:

المثال: كَسَّرْتُ الزّجاجَ. تَكَسَّرَ الزُّجَاجُ.

قَطَّعْتُ الحَبْلَ. ........................................................................

* أَانْكَسَرَ؟ ـــــ أَنْكَسَرَ؟ (إذا دخلت همزة الاستفهام على "اِنْفَعَلَ" حذفت همزة الوصل).

6ـأدخل همزة الاستفهام على الجمل الآتية:

(1)اِنْقَلَبَت السيارةُ. ........................................................................ ؟

(2)اِنْفَتَحَ بابُ المطعمِ. ........................................................................؟

(3)اِنْهَزَمَ المُشْرِكُون. ........................................................................؟

(4)أَسْلَمَ أبــوك . ........................................................................؟

7ـ تأمل الأمثلة الآتية لباب (اِنْفَعَلَ) وعينّ فيها الماضي والمضارع واسم الفاعل والمصدر:

(1)وقَعَ الكُوبُ على الأرض وانْكَسَرَ.

(2)هذا الباب لا يَنْفَتِحُ. ادخل من الباب الآخر.

(3)تَنْطَفِئ أنوارُ الشّوارع في السّاعة الخامسة صباحاً.

(4)سَبَبُ انْقِلاب السَّيارة انْفِجَارُ إِحْدَى عَجَلاَتِها.

(5)اِنْهَزَمَ المشركون في غَزْوَةِ بَدْرٍ.

(6)تَخَرَّجَ في المعهد العامَ المُنْصَرِمِ بِضْعةٌ وثلاثونَ طالباً.

(7)سافر الفَرِيق المُنْهَزِم.

8ـ (انكسفت الشمسُ يومَ ماتَ إبراهيمُ). هنا الجملة (مات إبراهيم) مُضافٌ إليها، وهي في محلّ جرٍّ، و(يومَ) مضافٌ.

هاء أمثلة أخرى:

(1)سافرت يومَ ظَهَرَتْ النتـــائجُ.

(2)مَرِضْتُ يوم زار الوزير الجامعةَ.

(3)وُلِدْتُ يوم مات جَـــدِّي.

وفي التنزيل: {هذا يَوْمُ يَنْفَعُ الصَّادِقِين صِدْقُهم} [المائدة/ 119].

(يومَ ماتَ إبراهيمُ) تقديره :يومَ مَوْتِ إبراهيمَ.

* (لَوْلا فضلُ اللّه عليهم لَماتُوا). (لَوْلا) حرفُ امْتِنَاعٍ لوُجُودٍ ، وتدلُ على امْتِنَاع الجَوَاب لوُجُودِ الشَّرْطِ، نحو: لولا الهواءُ لَهَلَكَ النَّاسُ، أي وُجِدَ الهَواء فَلَم يَهْلِكِ النَّاسُ.

وتأتي (لوما) أيضاً بهذا المعْنَى.

الاسم الواقعُ بعدها مبتدأ حُذفَ خَبره . فـ (لولا الهواءُ) تَقْدِيرهُ:

لَوْلا الهواءُ مَوجُودٌ.

وقد تأتي بعدها (أنَّ) واسْمُهَا وخَبرُها، نحو: لولا أَنني مريضٌ لسافرتُ معك.

وجوابُها المُثْبَتُ يقترن باللام، نحو: {لولا أنْتم لَكُنَّا مُؤْمِنِين}[سبأ/31].

هاءَ أمثلةً أخرى لـ (لولا):

(1)أنا مريض فلولا الاختبارُ ما حضرتُ اليَومَ" .

(2)لولا الشمسُ لَهَلَكَتْ الأَرضُ.

(3)لولا الحَيَاء لَبَكينا.

(4)لولا أنك مُستَعجِلٌ لدَعَوتك إلى البيت.

**9-أكـــمل ما يلي:**

(1)لولا العلم. ..................................... (2)لولا الإسلام ......................................

(3)لولا أنك مريض ..................................... (4)لولا أن البرد شديد ......................................

* (مَنْ إبراهيم هذا؟) هنا (هذا) نَعتٌ لـ(إبراهيم).

يكون اسمُ الإشارة نعتاً إذا وَقَعَ بعد العَلَم، أو المُعَرَّفِ بالإضافة، نحو:

(1)مَنْ حامدٌ هذا؟ (2)أرِني ساعتَك هذه.

(3)لمن جوازُ السفرِ هذا؟ (4)أمفتوحةٌ غرفةُ المدرسين تلك؟

وفي التنزيل: {اذْهَبْ بِكِتَابِي هذا فَأَلْقِهْ إليهمْ ثم تَولَّ عنهم}[النمل/ 28].

وفي الحديث، قال النبي صلى الله عليه وسلم" : لَعَلّي لا أحُجُّ بعد عامِي هَذا."

* (لمَـــهْ). هذه هاءُ السَّكْتِ، ويُؤْتى بها في الوقْف كما في قوله تعالى: {وما أَدْراكَ مَاهِيَهْ}.

* (إن الشّمس والقمر آيتانِ... لا يَنْكَسِفَانِ). الضمير في (ينكسفان) يعود إلى الشمس والقمر، وهما مؤنثٌ ومذكر، وجِيءَ بالفعل بصيغة المذكَّر تَغْلِيباً .يُغَلَّبُ المذكرُ على المؤنث نحو: أبنائي وبناتي يدرسون بالجامعة.

* "فإذا رأَيْتُموهما فادعوا الله " ...هنا الحال محذوفة، إذ تقدير الكلام" :فإذا رأيتموهما مُنْكَسِفَيْنْ." ...

* "وَصَلُّوا حتَّى يَنْجَلي ." فاعل" يَنْجَلي " ضمير مستتر يعود على" الكُسُوف " المفهوم من السِّياق.

**10- أدخِل كلَّ كلمة مما يأتي في جملة مفيدة:**

انْفَتَح، اِنْكَسَرَ، اِنْقَلَبَ، تَكَسَّرَ، لَوْلا.

## (23)الدرس الثالث و العشرون

**حامد:** **يا أستاذ، إنَّ لديَّ اقْتِرَاحاً.**

هامد: ئى ئۇستاز! مىنىڭ بىر تەكلىپىم بار.

**المدرس:** **اِنْتَظِرْ حَتَّى أطَّلع على هذا التعميم... (بعد قليل) نعم. ما اقْتِرَاحُك؟**

ئوقۇتقۇچى: مەن بۇ ئۇختۇرۇشنى كۆرۈپ بولغىچە كۈتۈپ تۇرغىن... (بىر ئازدىن كېيىن ) ھەئە . نىمە تەكلىپىڭ بار؟

**حامد:** **إن فَصلنا هذا أصبح مُكتظّاً جداً. ما رأيك أن نَنْتَقِلَ إلى الفصل الواسع الذي في الطابَق الثاني، فإنه خالٍ الآن.**

هامد: بىزنىڭ بۇسىنىپ بەك قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتتى. بىزنىڭ ئىككىنجى قەۋەتتىكى كەڭرى سىنىپقا كۆچۈشىمىزگە قانداق قارايسىز، چۈنكى ھازىر ئۇ سىنىپ بوش قالدى.

**المدرس:** **إن هذا رأيٌ سديد. سأكلّم المدير فيه ... اقرأ الدرس يامُصْطَفَى.**

ئوقۇتقۇچى: ھەقىقەتەن بۇ ياخشى پىكىربولدى. مەن بۇنى مۇدىرغا دەپ باقاي.. ئى مۇستەفا! دەرسنى ئوقوغىن.

**مصطفى:** **(بعد الاستعاذة والبسملة) {يا أيها الذين آمنوا اجْتَنِبُوا كَثيراً مِنَ الظَّنِّ إنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إثْمٌ وَلا تَجسَّسُوا وَلا يَغْتَبْ بَعْضُكُم بَعْضاً أَيُحبُّ أحَدُكُم أنْ يأكلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتاً فَكَرِهْتُمُوهُ واتَّقُوا اللَّه إنَّ الله تَوّابٌ رحِيمٌ } [الحجرات/ 12].**

مۇستەفا: (پاناھلىق تەلەپ قىلغان ۋە بىسمىللا بىلەن باشلىغاندىن كېيىن) { ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى[4] ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر الله تىن قورقۇڭلار الله (تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.}

[4] غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.

**المدرس: نكتفي بهذا الدرس. راجعوا الدروس السابقة واجْتَهِدُوا، فقد أقْتَرَبَ الامْتِحان.**

ئوقۇتقۇچى: بىز بۇ دەرس بىلەن بولدى قىلىمىز. ئىلگىرى ئۆتكەن دەرسلەرنى تەكرار قىلىڭلار ھەمدە تىرىشىڭلار چۈنكى ئىمتاھان يېقىنلاپ قالدى.

**مُخْتَارٌ: كنَّا نَظُنُّهُ بعيداً، فَإِذَا هو قريبٌ.**

مۇختار: بىز ئىمتاھانغا خېلى ۋاقىت بار دەپ ئويلايتتۇق، تۇيۇقسىز ئۇ يېقىنلاپ قاپتۇ.

**حامد: مَتَى تَنْتَهِي الدِّراسة يا أستاذ؟**

ھامىد: ئى ئۇستاز، ئوقۇش قاچان ئاياغلىشىدۇ؟

**المدرس: أظُنُّهَا تَنْتَهِي في مُنْتَصَفِ هذا الشهر.**

ئوقۇتقۇچى: مەن ئۇنى مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاياغلىشىدۇ دەپ ئويلايمەن.

**مختار: ألنا مُمْتَحِنُون من خارج المعهد؟**

مۇختار: بىزدىن ئونىۋېرسىتېت سىرتىدىن ئىمتاھان ئالغۇچىلار بارمۇ؟

**المدرس: نعم، سَيَشْتَرِكُ في الاختبار الشَّفَوِيّ مُمتحنون من خارج المعهد.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق. ئېغىزچە ئىمتاھاندا ئونىۋېرسىتېت سىرتىدىن ئىمتاھان ئالغۇچىلار قاتنىشىدۇ.

**وليم: أيَحِقُّ لي أن أدخل في الامتحان، فقد الْتَحَقْتُ متأخِّراً.**

ۋىلىيەم: مېنىڭ ئىمتاھانغا قاتنىشىشىم لايىق بولامدۇ، چۈنكى مەن (دەرسكە) كېچىكىپ كىرگەن.

**المدرس: نعم، مَنْ الْتَحَق قبلَ الامتحان بِشَهْرَيْنِ فَلَهُ حقُّ الدخول في الامتحان.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق. كىمكى ئىمتاھاندىن ئىككى ئاي ئىلگىرى (دەرسكە)قاتناشقان بولسا ئۇنىڭ ئىمتاھانغا قاتنىشىشى ھەقلىقتۇر.

**حامد: يا أستاذ، سأَغِيبُ غَداً وبعدَ غدٍ فإنني مسافر إلى جدّة، فأرجو السَّماح.**

ھامىد: ئى ئۇستاز، مەن ئەتە، ئۆگۈن كېلەلمەيمەن. چۈنكى مەن جىددىگە بارىمەن، شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن.

**المدرس: ألابدَّ من هذا السفر؟**

ئوقۇتقۇچى: بۇ سەپەرنى چوقۇم قىلىشىڭ كېرەكمۇ؟

**حامد: نعم، واللّه إنِّي لَمُضْطَرٌ إلى ذلك.**

هامىد: شۇنداق. الله بىلەن قەسەم مەن بۇ سەپەرنى قىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالدىم.

**المدرس: لا بَأْسَ بعد إذنِ المدير. وإذا مررت بمكتبة هناك فاشْتَرِ لي نسختين من لسانِ العرب من المكتبة التي عَلَى مُفْتَرَقِ الطُّرُقِ فِي حيِّ المكتبات.**

ئوقۇتقۇچى: مۇدىرنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن بېرىشتا چاتاق يوق. ئەگەر سەن ئۇ يەردىكى كۇتۇپخانىغا بېرىپ قالساڭ ھەيىيل مەكتەبات (حيِّ المكتباتِ) تا يوللارنىڭ دوقمۇشىدىكى كۇتۇپخانىدىن ماڭا لىسانۇل ئەرەب (لسانِ العرب) تىن ئىككى نۇسقا سېتىۋالغىن.

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرىپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِفْتَعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۈلانما ھەمزە (ا)، ئارقىسىدا بىر «ت» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِفْتِعَال» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِنْتَظَرَ / يَنْتَظِرُ اِنْتِظَارٌ (كۈتمەك، ئىنتىزار بولماق)

اِشْتَرَكَ / يَشْتَرِكُ اِشْتِرَاكٌ (قاتناشماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**بۇ باب توغرىسىدىكى مۇھىم قائىدىلەر:**

1) ئەگەر بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئۆزۈلىدا «د»، «ذ» ۋە «ز» ھەرىپلىرى بولسا، بابنىڭ ئۆلچىمى «اِفْتَعَلَ»دىكى «ت» ــ «د»غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

زَانَ ← اِزْتَانَ ← اِزْدَانَ (ياساندى، گۈزەل تۈسكە كىردى)

ذَكَرَ ← اِذْتَكَرَ ← اِذْدَكَرَ (ئەسلىدى، ياد ئەتتى)

دَعَى ← اِدْتَعَى ← اِدَّعَى (تەلەپ قىلدى، دەۋا قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مسالالار ئىچىدە «اِذْدَكَرَ»دىكى «د»نى «ذ»غا ئالماشتۇرۇپ ئىدغام قىلىپ «اِذَّكَرَ» دېيىشمۇ، شۇنىڭدەك «ذ»نى «د»غا ئالماشتۇرۇپ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىپ «اِدَّكَرَ» دېيىشمۇ توغرا. بۇنىڭ سەۋەبى تىلغا يەڭگىللىك ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

2) ئەگەر بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئۇدۇلىدا «ص»، «ض»، «ط» ۋە «ظ» ھەرپلىرى بولسا، بابنىڭ ئۆلچىمى «اِفْتَعَلَ»دىكى «ت» ـــ «ط»غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

صَفَا ← اِصْتَفَى ← اِصْطَفَى (تاللىدى، ئىختىيار قىلدى)

ضَرَبَ ← اِضْتَرَبَ ← اِضْطَرَبَ (تەۋرەندى، قالايمىقان بولدى)

ظَلَمَ ← اِظْتَلَمَ ← اِظْطَلَمَ (زۇلۇمغا ئۇچرىدى، خورلاندى)

طَلَعَ ← اِطْتَلَعَ ← اِطْطَلَعَ ← اِطَّلَعَ (كۆردى، خەۋەر تاپتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مسالالار ئىچىدە «اِظْطَلَمَ»دىكى «ط» ـــ «ظ»غا ئالماشتۇرۇپ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىپ «اِظَّلَمَ» دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

3) ئەگەر بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئۇدۇلىدا «و» ۋە «أ» ھەرپلىرى بولسا، ئۇلار «ت»غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

وَقَى ← اِوْتَقَى ← اِتَّقَى (قورقتى، ساقلاندى)

وَصَلَ ← اِوْتَصَلَ ← اِتَّصَلَ (ئۇلاشتى، تۇتاشتى)

أَخَذَ ← اِئْتَخَذَ ← اِتَّخَذَ (تۇتتى، پايدىلاندى)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

بۇ بابنىڭ كۆپ خىل مەنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىردە بويسۇنۇش (مُطَاوَعَة) مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

رَفَعْتُ الصَّوْتَ (مەن ئاۋاز كۆتۈردىم) ← اِرْتَفَعَ الصَّوْتُ (ئاۋاز كۆتۈرۈلدى)

جَمَعْتُ الطُّلاَّبَ ← اِجْتَمَعَ الطُّلاَّبُ

(مەن ئوقۇغۇچىلارنى يىغدىم) (ئوقۇغۇچىلار يىغىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئۇلانما ھەمزىسىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى توغرىسىدا

ئەگەر بۇ بابتىكى پېئىللارنىڭ ئالدىغا سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە (أ) كىرسە، ئۇنىڭدىكى ئۇلانما ھەمزە تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

أَاِفْتَعَلَ ← أَفْتَعَلَ

﴿أَصْطَفَى الْبَنَاتِ عَلَى الْبَنِيْنَ﴾

(ئاللاھ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 4- مەزمۇن: «إِذَا» توغرىسىدا

تېكستتە «فَإِذَا هُوَ قَرِيْبٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «إِذَا» بولسا «إِذَا الْفَجَائِيَّة» بولۇپ، ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ ئىسىملىق جۈملىگە كىرىدۇ، ئەمما جۈملىنىڭ بېشىغا كىرمەيدۇ، بەلكى ئوتتۇرىسىغا كىرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېنىقسىز (نكرة) ئىسىم كېلىپ ئىگە بولۇشى دۇرۇس. مەسىلەن:

دَخَلْتُ الْفَصْلَ فَإِذَا مُدِيْرُ الْجَامِعَةِ جَالِسٌ

(مەن سىنىپقا كىرسەم، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى ئولتۇرىدۇ)

خَرَجْتُ مِنَ الْبَيْتِ فَإِذَا صَدِيْقٌ بِالْبَابِ

(مەن ئۆيدىن چىقسام، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك تۈۋىدە بىر دوست تۇرىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 5- مەزمۇن: «ظَنَّ» توغرىسىدا

تېكستتە «أَظُنُّهَا تَنْتَهِيْ ... » دەپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «ظَنَّ» بولسا ئەسلى جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولغان ئىككى تولدۇرغۇچنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْإِمْتِحَانُ قَرِيْبٌ ← أَظُنُّ الْإِمْتِحَانَ قَرِيْبًا

(ئىمتىھان يېقىنلاپ قالدى) (مەن ئىمتىھاننى يېقىنلاپ قالدى دەپ ئويلايمەن)

﴿مَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قَائِمَةً﴾ (مەن قىيامەت بولىدۇ دەپ ئويلىمايمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«ظَنَّ» ـــ «أَنَّ» ۋە «أَنْ»دىن ئىبارەت ئىككى مەسدەر قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ئاندىن ياسالما مەسدەرنى تولدۇرغۇچى بولغانلىقىغا ئاساسەن زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. بۇ ياسالما مەسدەر ئىككى تولدۇرغۇچنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

اَلْإِمْتِحَانُ سَهْلٌ ← أَظُنُّ أَنَّ الْإِمْتِحَانَ سَهْلٌ

(ئىمتىھان ئاسان) (مەن ئىمتىھاننى ئاسان دەپ ئويلايمەن)

﴿وَأَنَّا ظَنَنَّا أَنْ لَنْ تَقُوْلَ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى اللهِ كَذِبًا﴾

(بىز، ئىنسانلار ۋە جىنلار ئاللاھقا يالغاننى چاپلىمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدۇق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تمـــارين**

1ـ أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)ما اقتراح حامـــد؟

(2)نهى اللّه تعالى في الآية الكريمة الواردة في الدرس عن ثلاثة أمور. ما هي؟

(3)بماذا شبَّهَ اللّه تعالى الغِيْبَةَ؟

- من أبواب الفعل الثلاثي المَزيد باب (افْتَعَل) زيدت فيه همزةٌ قَبْلَ الفاءِ، وتاء بعدها، نحو: اِرْتَفَع، اِشْتَرى، اِنْتَظَر.

2ـ استخرج من الدرس الأفعال الواردة فيه من باب (افتعل).

3ـ تأمل المثال، ثم هات المضارع والأمر واسم الفاعل والمصدر من الأفعال الآتية:

| الماضي | المضارع | الأمر | اسم الفاعل | المصدر |
|---|---|---|---|---|
| اِنْتَظَرَ | يَنْتَظِرُ | اِنْتَظِرْ | مُنْتَظِرٌ | اِنْتِظَـــارٌ |
| اشترَكَ | ............ | ............ | ............ | ............ |
| امْتَحنَ | ............ | ............ | ............ | ............ |
| اجْتَمعَ | ............ | ............ | ............ | ............ |
| اِتَّقَى | ............ | ............ | ............ | اِتِّقاءٌ (أصله:اِوْتِقَايٌ) |
| اخْتَارَ | ............ | ............ | مُخْتَارٌ | اختيَارٌ |

4ـ تأمّل المثال، ثم انقُل الأفعالَ الآتيَة إلى باب (افْتَعَلَ):

زَحَــمَ ازْدَحَم (إذا كانت فاء افْتَعَل دالاً، أو ذالاً، أو زاياً أبدلِتْ تاؤه دالاً).

زَانَ ........................

ذَكَرَ ........................

دَعَــا ........................

5ـ تأمل المثال، ثم انقل الأفعال الآتية إلى باب (افتعل):

صَــبَرَ اصْطَبَرَ (إذا كانت فاءُ افْتَعَلَ صاداً، أو ضَاداً، أو طاءً، أو ظاءً أُبْدِلَتْ تاؤه طاءً).

صَفَا ......................

ضَرَبَ ......................

ظَلَــمَ ..................

طَلَــعَ ......................

6ـ تأمل المثال، ثم انقل الأفعال الآتية إلى باب (افْتَعَلَ):

وَقَـــي اتَّقى (إذا كانت فاءُ افْتَعَل واواً أُبدلَتْ تاءً)

وَصَـــلَ .........................

وَحَـــدَ .........................

وَفِـــقَ .........................

7ـ اذكر أصل كل مما يأتي، ثم بينّ بابــه:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِنْتَظَرَ | أصله: نَظَرَ | من باب :اِفْتَعَلَ . | زيدت فيه الهمزة والتاء اِنْكَسَرَ |
| اِنْفَتَحَ | ............ | ............ | ............ |
| اِنْتَقلَ | ............ | ............ | ............ |
| اِنْتَشرَ | ............ | ............ | ............ |
| اِنْقَطَعَ | ............ | ............ | ............ |
| اِنْتصَرَ | ............ | ............ | ............ |

8ـ من معاني باب (افْتَعَلَ) المُطَاوَعة، نحو: رَفَعْتُ الصوتَ، فارْتَفَعَ. تأمل المثال، ثم أكمل الناقص:

رفعتُ الصوتَ. اِرْتَفَعَ الصوتُ.

مَلأت الكُوبَ ........................................

جَمعْتُ الطُلابَ ........................................

9ـ تأمل الأمثلة الآتية لباب (افتعل) وعيّن فيها الماضي والمضارع والأمر والمُشْتَقَّاتِ المختلفةَ:

(1) في التنـــزيل: { له يَوْمَ نَقُولُ لِجَهَنَّمَ هَلِ امْتَلأتِ وَتَقُولُ هَلْ مِنْ مَزِيدٍ } [ق/30].

(2) قال تعالى: { وَأمُرْ أَهْلَكَ بالصَّلاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْها } [طه/ 132].

(3)أَستَمِعُ إلى تلاوة القرآنِ الكريمِ من الإذاعةِ كلَّ صَبَاحٍ.

(4)يقول المُذيعُ : أيُّها المُستَمِعُونَ الكِرام، إِلَيْكُم نَشْرَةَ الأخبار.

(5)دعوت اللّه في المُلْتَزَم يوم اعتمرتُ.

(6)ابْتسِمْ. لا تَكُنْ عَابِساً.

(7)اتَّصَلْتُ بِأَبِي هَاتِفِياً، وأخبَرْتُه بمَوْعِد سَفَري.

(8) قال تعالى:{ وَمَنْ يتّقِ اللّه يَجْعَلْ لَهُ مَخرَجَا وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لا يَحْتَسِبُ }[ الطلاق/ 2-3] .

(9)يَتَّجِهُ المسلمونَ في صَلَواتِهِم إلى الكعبةِ المشرَّفة.

(10) قال صلى الله عليه وسلم : "وَمنْ ادَّعَى ما ليس له فليس منَّا ". (رواه مسلم).

(11) قال تعالى في سورة الفرقان: ( ويَوْمَ يَعَضُّ ٱلظَّالِمُ عَلَى يَدَيْهِ يقولُ يَالَيْتَنِي اتَّخذْتُ مع الرّسولِ سَبِيلاً؛ يَاوَيْلَتَى لَيْتَنِي لَمْ أَتَّخِذْ فُلاناً خَلِيلاً ) [الفرقان/ 27-28].

(اتَّخَذَ (افْتَعَل) مِنْ أَخَذَ. أصْلُه: ائْتَخَذَ، أُدْغِمت الهمزة في التاء).

ـ أ + افْتَعَلَ= أَفْتَعَلَ؟ قال تعالى: ( أَصْطَفَى البناتِ على البَنِين ) [الصافات/ 153].

ـ(فَإِذَا هو قَرِيبٌ ). هذه (إذا الفُجَائِيَّةُ)، وتُفيدُ وقوعَ أمرٍ غيرِ مُتَوَقَّعٍ، تَدْخُل على الجملة الاسمية، ويجوز الابتداءُ بالنّكرة بَعْدَها.

لا تأتِي (إذا الفجَائِيةُ) في أوّل الكلام.

هاء أمثلة لــ (إذا الفُجَائِيَّةِ):

(1)دخلت الفصل فإذا مديرُ الجامعة جالسٌ.

(2)دخلت الغرفة فإذا حيَّةٌ على السرير.

(3)خرجت من البيت فإذا صديق بالباب.

(4)ظَنَنْتُكَ مدرِّساً فإذَا أنتَ طَبِيب.

(5) وفي التنـــزيل في قصة موسى عليه السلام: { فَأَلْقَى عَصَاهُ فإذَ هيَ ثُعْبَانٌ مبين * وَنَزَعَ يدَهُ فَإِذَا هيَ بَيْضَاءُ لِلنَّاظِرِين } [الأعراف، 107-108].

ـ (أَظُنُّها تنتهي...) تنصب (ظن) مفعولين أصلُهما مبتدأ وخبرٌ ، نحو:

| | |
|---|---|
| الامتحانُ قريبٌ. | أَظُنُّ الامتحانَ قريباً. |
| المديرُ يَأْتِي غداً. | أظنّ المديرَ يأتِي غداً. |

وفي التنـــزيل: ( وَمَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قائمةً ) [ الكهف/ 36].

10- أدْخِلْ (ظنَّ) على الجمل الآتيـــة:

| | | |
|---|---|---|
| (1)حامدٌ مريضٌ. | ظَنَنْتُ | ..................................................... |
| (2)الاخـــتبارُ سهلٌ. | أَتَظُنُّ | .....................................................؟ |
| (3)الطائرة متأخرةٌ. | أظنُّ | ..................................................... |
| (4)أنتَ مريضٌ. | أظُنّ | ..................................................... |
| (5)المُدرِّسُ يَتَأخّر اليومَ. | ظَنَنْتُ | ..................................................... |
| (6)هُو مسلمٌ. | أَتَظُنّيَن | .....................................................؟ |
| (7)هم رَاسِبُون. | نَظُنُّ | ..................................................... |
| (8)زَمِيلاكَ نَاجِحَانِ. | أَظُنُّ | ..................................................... |
| (9)الطالِباتُ مُجْتَهِدَاتٌ. | أَظُنُّ | ..................................................... |
| (10)أَنَا ضَعِيفٌ. | أتظنّ | .....................................................؟ |

- ويجوز أن تدخل (ظنَّ) على (أَنَّ) و(أَنْ) المصْدَرِيَّتَيْنِ، فَيَنْصَبُ المصدر المؤول على المفْعُولِيَّة، ويسُدُّ مَسدَّ المفعولين، نحو:

(أ) الامتحانُ سهلٌ. أَظُنُّ أَنَّ الامتحان سَهلٌ.

وفي التنــزيــل: { ولكن ظَنَنْتُمْ أنَّ الله لا يَعْلَمُ كَثِيراً مِّمّا تَعْملون } [فصلت/ 22].

(ب) ما ظَنَنْتُ أنْ يرسبَ أحمدُ، أي: ما ظننت أحمدَ يرسبُ. ومنه قوله تعالى: { تَظُنُّ أَنْ يُفْعَلَ بِهَا فَاقِرَة } [القيامة/ 25].

أدخل (أنَّ) ثم (ظنَّ) على الجمل الواردة في التمرين السابق.

11ـ هات جمع الأسماء الآتيـــة: خَلِيل، سَبِيل، ثُعْبان.

12ـ هات مضارعَ الأفعال الآتيـــة: عَضَّ، اجْتَنَب، اغْتَاب.

ـ (أيحِقُّ لي أن أدخل في الامتحان). نقول: (دَخَلْتُهُ) بغير "في " إذا كان المدخولُ مكاناً، نحو: "دخلتُ البيتَ/ المسجدَ/ السُّوقَ/ الغرفةَ... " ففي التنــزيل: { وَدَخَلَ جنتَهُ } [الكهف/ 35]

ونقول: "دخلتُ فيه " إذا لم يكن المدخولُ مكاناً، نحو: "دخلتُ في الإسلام/ في الامتحان... " ففي التنـــزيل: { وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجاً } [النصر/2].

وقد اجتمع الأمرانِ في قولِهِ تعالَى: { فَادْخُلِي فِي عِبَادِي وادْخُلِي جَنَّتِي } [الفجر/29_ 3].

- "التوَّابُ " أي الذي يَتُوبُ على عِباده كثيراً، وهو على وزْنِ "فَعَّال" ، وهو من صِيَغِ مُبَالَغَةِ اسمِ الفاعِل.

ومن صِيَغِها أيضاً:

| | | |
|---|---|---|
| فَعِيل، | نحو: | رَحِيم. |
| فَعُول، | نحو: | غَفُور. |
| فَعِل، | نحو: | حَذِر. |
| مِفْعَال، | نحو: | مِعْطَاء. |

صُغْ صِيغَةَ "فَعَّال " من هذه الأفعال: رَزَقَ، وَهَبَ، عَلِمَ، سَمعَ، أَكَلَ، عبس.

صُغْ صِيغَةَ "فَعِيل " من هذه الأفعال: سَمِعَ، قَدَرَ، عَلِمَ، بَصَرَ.

صُغْ صِيغَةَ "فَعُول " من هذه الأفعال: غَفَرَ، شَكَرَ، صَبَرَ، عَبَسَ، أَكَلَ.

## (24)    الدرس الرابع و العشرون

**المدرس:** **افتح النافذة يا علي.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەلى، دىرىزىنى ئاچقىن.

**علي:** **إنها لا تَنْفَتحُ، فَقَدْ اعْوَجَّ مِزْلاجُها.**

ئەلى: دىرىزە ئېچىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىلغۇچى ئېگىلىپ كەتكەن.

**المدرس:** **ألا يُمكِن تَقْوِيمُ اعْوِجاجِهِ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئۇنىڭ ئېگىلىپ كەتكەن يېرىنى تۈزلىگىلى بولمامدۇ؟

**علي:** **حاوَلْنا، ولم نَتَمَكَّن من ذلك.**

ئەلى: بىز تۈزلەشكە ئۇرۇنۇپ باقتۇق، لېكىن تۈزلەشكە قادىر بولالمىدۇق.

**المدرس:** **وَجْهُك مُحْمَرٌّ يا أحمد. كأنَّك غَضْبانُ.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەھمەد! يۈزۈڭ قىزىرىپ كەتتى. خۇددى سەن غەزەپلەنگەندەك.

**أحمد:** **نعم. لقد أغْضَبَنِي جعفر بسُخْرِيتِهِ مِنّي.**

ئەھمەد: شۇنداق. مېنى جەئفەرنىڭ مەسخىرە قىلىشى غەزەپلەندۈردى.

**المدرس:** **قم وتَوَضَّأْ... ياجعفر، ألم تسمع قوله تعالى في سورة الحُجُرات: {يا أيّها الذين آمنوا لا يَسْخرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أنْ يكونوا خيراً منهم ولا نِسَاءٌ مِنْ نِساءٍ عَسَى أن يَكُنَّ خيراً منهن}.**

ئوقۇتقۇچى: ئورنۇڭدىن تۇر، تەھارەت ئالغىن... ئى جەئفەر، سەن اللەنىڭ سۈرە ھۇجۇراتتىكى سۆزىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ { ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (الله نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (الله نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن}

**جعفر:** **بلى. أستغفرُ اللهَ وأَتُوبُ إليه.**

جەئفەر: شۇنداق. مەن اللەدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە اللەغا تەۋبە قىلىمەن.

**المدرس:** **خذ دفترك يا أيوب. (يُسَلِّمُ له الدفتر). أراك ضَعيفاً في النحو. يجب عليك أن تجتهد.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئايۇب، دەپتىرىڭنى ئالغىن. ( ئۇ دەپتىرىنى ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بىرىدۇ) مەن سىنى گىرامماتىكىدا ئاجىزلىقىڭنى بىلدىم. سەن تىرىشىشىڭ كىرەك.

**أيوب:** **إن شاءَ الله.**

ئايۇب: **الله خالىسا.**

**المدرس:** **اقرأ الآية يا حامد.**

ئوقۇتقۇچى: ئى هامىد ئايەتنى ئوقۇغىن.

**حامد:** **(بعد الاستعاذة) {يومَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وتَسْوَدُّ وُجُوهٌ فَأَمَّا الَّذِينَ اسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ فَذُوقُوا العَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ وأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللّه هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ}[آل عمران/ 106ـ107].**

هامىد: (پاناهلىق تەلەپ قىلغاندىن كىيىن) { شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) «ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار». يۈزى ئاقارغانلار الله نىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ }

**المدرس:** **اقرأ الحديث يا أيوب.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئايۇب، ھەدىسنى ئوقۇغىن.

**أيوب:** **عَنْ أَنَس بْنِ مالكٍ رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم" : أَنَّه نَهَى عن بَيْعِ الثَّمَرَة حتى يَبْدُوَ صَلاحُها، وعن النَّخْلِ حتى يَزْهُوَ. قِيلَ: وما يَزْهُو؟ قال: يَحْمَارُّ أو يَصْفَارُّ."**

ئايۇب: ئەنەس ئىبنى مالىك(رضي الله عنه) ئارقىلىق پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم )دىن نەقلى قىلىندىكى:

«پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) مۇنى پشمغچە ستشتن توستى ۋە خورمنى سارغايمغچە ستشتن توستى. سارغيش دگەن قانداق بولىدۇ؟-دىيلدى. پەيغەمبەر (صلى الله عليه وسلم) قىپقىزىل بولىدۇ ياكى ساپسىرىق بولىدۇ-دىدى.»

**(يدخل المراقب ويسلّم)**

(كۈزەتچى كىرىدۇ ۋە سالام بىرىدۇ)

**المراقب: في مكتبي ساعةٌ وُجِدَت أَمْسِ في المُصَلَّى بعد ما انْتَهَتْ صلاة الظّهر فمن فُقِدَت ساعتُه فَلْيَتَّصِلْ بي بعدَ ما ينتهي الدرس.**

كۈزەتچى: مىنىڭ ئىشخانامدا پىشىن نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇيدىغان جايدا تونۇگۈن تېپىۋېلىنغان بىر سائەت بار. قانداق كىشىنىڭ سائىتى يوقاپ كەتكەن بولسا دەرىس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن بىلە ئالاقىلاشسۇن.

**(يسلّم المراقب ويخرج)**

(كۈزەتچى سالام بىرىپ چىقىپ كېتىدۇ)

**بۇ دەرىستىكى گىرامماتىكىلىق قائىدىلەر:**

**1- مەزمۇن: «اِفْعَلَّ» بابى توغرىسىدا**

بۇ دەرىسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِفْعَلَّ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۈلانما ھەمزە (ا) ۋە بىر ھەسسىلەنگەن «ل» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِفْعِلالٌ» ئۆلچىمدە تۈرلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ بابتا كەلگەن پېئىللار رەڭ ۋە ئەيىب-نۇقسانىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

اِحْمَرَّ/ يَحْمَرُّ اِحْمِرَارٌ (قىپقىزىل بولماق)

اِعْوَجَّ/ يَعْوَجُّ اِعْوِجَاجٌ (ئىگىلمەك، ئەگرىم بولماق)

اِخْضَرَّ/ يَخْضَرُّ اِخْضِرَارٌ (كۆكەرمەك، يېشىللاشماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

يەنە شۇنىڭدەك، ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِفْعَالَّ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا)، ئارقىسىدا بىر ئەلىف (ا) ۋە بىر ھەسسىلەنگەن «ل» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِفْعِيْلَالٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. بۇ بابتا كەلگەن پېئىللارمۇ رەڭنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِصْفَارَّ / يَصْفَارُّ اِصْفِيْرَارٌ (ساپسېرىق بولماق)

اِحْمَارَّ / يَحْمَارُّ اِحْمِيْرَارٌ (قىپقىزىل بولماق)

اِدْهَامَّ / يَدْهَامُّ اِدْهِيْمَامٌ (قاپقارا بولماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

مەشىق: تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ بابلىرىنى ئايرىڭلار.

اِشْتَدَّ / يَشْتَدُّ اِشْتِدَادٌ (كۈچەيمەك، كەسكىنلەشمەك)

اِشْتَقَّ / يَشْتَقُّ اِشْتِقَاقٌ (ئايرىلماق، بۆلۈنمەك)

اِنْشَقَّ / يَنْشَقُّ اِنْشِقَاقٌ (يېرىلماق، يورىماق)

اِنْفَضَّ / يَنْفَضُّ اِنْفِضَاضٌ (تارقاپ كەتمەك، تارقىماق)

### 2- مەزمۇن: «رَأَى» توغرىسىدا

تېكىستتە «أَرَاكَ ضَعِيْفًا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «رَأَى» دېگەن پېئىل «عَلِمَ» دېگەن پېئىلنىڭ مەنىسىدە كەلگەن. شۇڭا، بۇ قەلبكە ئائىت كۆرۈش (رَأَى الْقَلْبِيَّة) دەپ ئاتىلىدۇ.

رَأَى الْقَلْبِيَّـة ـــ ئەسلى جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولغان ئىككى تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. خۇددى «ظَنَّ» دېگەن پېئىلغا ئوخشاش. مەسىلەن:

أَنْتَ ضَعِيْفٌ (سەن ئاجىز) ← أَرَاكَ ضَعِيْفًا (سېنى ئاجىز دەپ قارايمەن)

﴿إِنَّهُمْ يَرَوْنَهُ بَعِيْدًا * وَنَرَاهُ قَرِيْبًا﴾

(ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ، بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، كۆزگە ئائىت كۆرۈش (رَأَى الْبَصَرِيَّة)كە كەلسەك، ئۇ پەقەت بىرلا تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

أَرَأَيْتَ الْمُدَرِّسَ ؟ نَعَمْ، رَأَيْتَهُ .

(ئوقۇتقۇچىنى كۆردۈڭمۇ؟) (ھەئە، ئۇنى كۆردۈم.)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: «عَسَى» توغرىسىدا

تېكىستتە «عَسَى أَنْ يَكُوْا خَيْرًا مِنْهُمْ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «عَسَى» ئۈمىد پېئىللىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئۈمىد ياكى قورقۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

﴿عَسَى اللهُ أَنْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ﴾
«عَسَى»نىڭ ئىسمىسى «عَسَى»نىڭ خەۋىرى
(ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر)

﴿وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوْا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ﴾
«عَسَى»نىڭ پائىلى
(سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

«عَسَى» ــــ جۈملىدە «كَانَ»نىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ خەۋىرى «أن» قوشۇلغان كەلگۈسى زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

عَسَى اللهُ أَنْ يَنْفَعَنَا بِكَ
«عَسَى»نىڭ ئىسمىسى «عَسَى»نىڭ خەۋىرى
(ئاللاھ سەن ئارقىلىق بىزگە پايدا يەتكۈزۈشى مۇمكىن)

عَسَيْتَ أَنْ تُفْسِدَ فِي الْأَرْضِ
«عَسَى»نىڭ ئىسمىسى «عَسَى»نىڭ خەۋىرى
(سەن زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشىڭ مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«عَسَى» تولۇق پېئىل بولۇپ كېلىدۇ. يەنى، پائىل بىلەنلا مەنا ئۇقتۇرىدۇ، خەۋەرگە موھتاج بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن كېيىنلا «أَنْ» بىلەن بىرگە بىر كەلگۈسى زامان پېئىلى كېلىدۇ. مەسىلەن:

﴿عَسَى أَنْ يَهْدِيَنِ رَبِّيْ﴾
«عَسَى»نىڭ پائىلى
(پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا باشلىشى مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە «عَسَى»دىن بۇرۇن بىر ئىسىم ئىلگىرى كېلىپ، «عَسَى»دىن كېيىن ياسالما مەسدەر كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «عَسَى»دىن بۇرۇن كەلگەن ئىسىم ئىگە، ياسالما مەسدەر «عَسَى»نىڭ پائىلى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُدَرِّسُ عَسَى أَنْ يُرَاجِعُ الدَّرْسَ السَّابِقَ
ئىگە «عَسَى»نىڭ پائىلى
(ئوقۇتقۇچى ئىلگىرىكى دەرسنى قايتا چۈشەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 4- مەزمۇن: مەسدەرگە ئايلاندۇرغۇچى «مَا» توغرىسىدا

تېكستتە ﴿فَذُوْقُوْا الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُوْنَ﴾ دېگەن ئايەت ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «مَا» بولسا ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن پېئىلنى مەسدەرگە ئايلاندۇرىدىغان «مَا» (مَا الْمَصْدَرِيَّةُ)دۇر. مەسىلەن:

بَعْدَ مَا انْتَهَتْ الصَّلَاةُ ... (ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ... )

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ تاشلىنىشى توغرىسىدا

تېكستتىە ﴿فَأَمَّا الَّذِيْنَ اسْوَدَّتْ وُجُوْهُمْ أَكَفَرْتُمْ ...﴾ دېگەن ئايەت ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا «أَمَّا» دېگەن شەرتنىڭ جاۋابى تاشلانغان. ئۇنىڭ تەقدىرى مۇنداق: «فَيُقَالُ لَهُمْ».

### تمـــــارين

1ـ أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)لم لا تنفتح نافذة الفصل؟

(2)لم غَضِب أحمد على جعفر؟

(3)ماذا يُقال للذين تَسْوَدُّ وجوهُهم يوم القيامة؟

(4)أين وُجِدت الساعة؟ ومتى؟

- من أبواب الفعل الثلاثي (افْعَلَّ). زِيْدَتْ فيه همزةٌ قبلَ الفاءِ وضُعِّفَتْ اللاَّمُ. يأتي هذا الباب في الأَلْوانِ والعُيُوب.

ومنها باب (افْعَالَّ)، زِيدَت فيه همزةٌ قبل الفاء، وألفٌ بعدَ العَيْنِ، وضُعِّفَت اللاَّمُ. ويأتي في الأَلْوان.

2ـ استخرج من الدرس الأفعال الواردة من هذين البابَيْن.

3ـ تأمل المثال، ثم هات المضارع، والمصدر، واسم الفاعل من الأفعال الآتيـــة:

| الماضي | المضارع | المصدر | اسم الفاعل |
| --- | --- | --- | --- |
| اِحْمَرَّ | يَحْمَرُّ | اِحْمِرَارٌ | مُحْمَرٌّ |
| اِصْفَرَّ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِبْيَضَّ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِسْوَدَّ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِخْضَرَّ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِعْوَجَّ | ........................ | ........................ | ........................ |

4ـ تأمل المثال، ثم هات المضارع، والمصدر، واسم الفاعل من الفعلين الآتيين:

| | | | |
| --- | --- | --- | --- |
| اِصْفَارَّ | يَصْفَارُّ | اِصْفِيرَارٌ | مُصْفَارٌّ |
| اِحْمَارَّ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِدْهَامَّ | ........................ | ........................ | ........................ |

5ـ اذكر باب كل فعل مما يأتي:

| | | |
| --- | --- | --- |
| اِسْـــوَدَّ | اِشْتَـــدَ | اِحْمَـــارَّ |
| اِبْيَـــضّ | اِدْهَـــامّ | اِشْـــتَقّ |
| اِعْـــوَجَّ | اِنْفَـــضَّ | اِنْشَـــقَّ |

6ـ تأمل الأمثلة الآتية لباب (افْعَلَّ):

(1)اِحْتَرَقَ الخَشَبُ واسْوَدَّ.

(2)غَسَلْتُ الثوبَ الوَسِخَ بالصابون فَابْيَضَّ.

(3)قد اصْفَرَّتْ أَسْنانُك يابُنَيَّ، أَلا تَسْتاك.

(4)تَخْضَرُّ الأشجارُ في الرَّبيع.

(5)اِصْفَرَّ وجهُه من الخــوف.

(6)غَضِبَ المدرس فاحْمَرَّتْ وَجْنَتَاهُ.

(7)اِقْلِ هذه السَّمَكَةَ حتّى تَحْمَرَّ .أَخْرِجْها من المِقْلاَةِ فَوْرَ احْمِرَارِها.

(8)المُنْجَلُ اسْتِقامَتُه في اعْوِجاجِه.

(9)في الحديث" :إنّ أوّلَ وقتِ صلاةِ العصْرِ حينَ يدخُل وقتُها، وإنّ آخِرَ وقتِها حينَ تَصْفَرُّ الشمس."

(10) عن عليّ رضي الله عنه: "كنّا إذا أَحْمَرَّ البَأسُ اتَّقَيْنا برسول الله صلى الله عليه وسلم". (احْمَرَّ البَأسُ: أَيْ اشْتَدَتَ الحَرْبُ).

ـ (أراك ضعيفـــاً): (رَأَى) هذه بمعنى (عَلِمَ)، وتسمى (رَأَى القَلْبِيَّةَ) .تنصِب رَأَى القَلْبِيَّةُ مفعولَيْن أَصْلُهما مبتدأٌ وخبرٌ (مثل ظَنَّ) .نحو:

أنتَ ضـــعيفٌ. أراكَ ضعيفاً.

وفي التنزيل: {إنهم يَرَوْنَه بعيداً، ونَراه قريباً} [المعارج/ 6-7].

أمّا (رَأَى البَصَرِيَّةُ (فتنصِب مفعولاً واحداً، نحو :أرأيت المدرسَ؟

**7-** أدخل (رأى القلبيّة (على الجمل الآتيـــة:

أَنْتَ مُسْتَعْجِلٌ. أراك.......................................................................

هو حَـــزِينٌ. رأيت.......................................................................

الطلاب مجتهدون. أترى...................................................................... ؟

ـ(عَسَى أَنْ يكونوا خيراً منهم): (عَسَى) من أَفْعالِ الرَّجاء، وتُفِيد التَّرَجِّيَ أو الإشْفَاقَ، نحو:

(أ) {عَسَى اللهُ أنْ يتوبَ عليهم}[التوبة/102]. أي: يُرْجَى أن يتوبَ اللهُ عليهم.

(ب) {وعسى أَنْ تَكْرَهوا شيئاً وهو خير لكم}[البقرة/1216]. أي: يُخْشَى أَنْ تَكْرَهوا.

تعمل (عَسَى) عَمَلَ (كانَ). ويكون خبرُها فعلاً مضارعاً مُقْتَرِناً بـــ(أَنْ)، نحو: عَسَى اللهُ أنْ ينفعَنا بك. هنا لَفْظُ الجَلالَةِ اسْمُها، والمصدر المؤوّل (أَنْ يَنْفَعَ) خبرُها. وفي (عَسَيْتَ أَنْ تُفْسِدَ في الأرض)، التاءُ اسْمُها، والمصدر المؤوّل (أَنْ تُفْسِدَ) خبرُها.

وتأتي (عَسَى) تامَّةً، أي تَكْتَفِي بمرفوعها، فلا تحتاجُ إلى الخبر، وذلك إذا وَلِيَها (أَنْ وَالفِعْلُ)، نحو: {عَسَى أَنْ يَهْدِيَنِ رَبِّي}.[الكهف/ 24]. هنا المصدرُ المُؤَوَّلُ فاعلُ عَسَى.

وفي "كيفَ محمدٌ الآن؟ عَسَى أنْ يكونَ أَحْسَنَ " يجوز أن يكونَ "عسى "ناقصةً، وذلك إذا قَدَّرْتَ فيها ضميراً مستتراً .وإذا لم تقدِر فهي تامَّة.

ـ عَسَى الناقصة: عَسَى اللهُ أنْ يَهْدِيَهُ. عَسَيْتُ أنْ أنجح.

ـ عَسَى التّامَّـــة: عَسَى أنْ يَهْدِيَهُ الله. عَسَى أنْ أنْجح.

**8-** حَوِّلْ" عَسَى "الناقصةَ إلى تامَّة فيما يأتي:

(1)عَسَيْتَ أنْ تعودَ غداً.

(2)عَسَى اللّه أنْ يغْفِرَ لي.

(3)أين زملاؤنا؟ عَسَوا أنْ يحضُرُوا الدَّرس.

(4)كيف الطالباتُ الجُدُدُ؟ عَسَيْنَ أنْ يفهمْنَ الدروسَ.

**9-** حَوِّلْ" عَسَى "التامَّة إلى ناقصة فيما يأتي:

(1)عَسَى أنْ نُقْبَلَ في الدّراسات العُلْيا.

(2)عَسَى أن تُسافِري غداً.

(3)عَسَى أنْ يسْمَحَ لنا المديرُ بالانصراف.

(4)عَسَى أنْ يَتَّحِدَ المسلمون.

أَدْخِلْ" عَسَى" في جملتين من إنشائك على أن تكون ناقصةً في الأولَى، وتامَّة في الأخرى.

{فَذُوقوا العذابَ بما كنتم تكفُرون} هذه (مَا المصدريّةُ) (بِمَا كنتم تكفُرون) أي بكَوْنكم تكفرون. (بعد ما انتهت الصلاة) أيْ بعدَ انْتِهاءِ الصلاةِ.

- قال تعالى: {لهم عَذابٌ شديدٌ بما نَسُوا يومَ الحِسَابِ} [ص/26]. أيْ بِنَسْيَانهم يومَ الحساب.

- {فأَمّا الذين اسْوَدَّتْ وجُوهُهم أكَفَرْتم ... } هنا جوابُ (أَمّا) محذوفٌ، وتَقْديرُه: فَيُقالُ لهم.

10- هات مضارع :فَقَــدَ. اِسْتَــاكَ.

11- ما معنى (الوَجْنَة)؟ وما جمعُها

## (25)الدرس الخامس و العشرون

**المدرس:** **ادخل يازكريا. تأخّرت كثيرا. ما الذي أخّرك؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى زەكەريا، كىرگىن. سەن كۆپ كېچىكىپ قالدىڭ. سىنىڭ كېچىكىپ قېلىشىڭدىكى سەۋەپ نىمە؟

**زكريا:** **كنتُ مُتْعَباً، فاستلْقَيتُ على قَفَايَ بعد الصلاة لكَيْ أستريحَ قليلاً، فغَلَبَني النومُ. وما استَيْقَظْتُ إلا الساعةَ التاسعة . فتوضأتُ، وتوجَّهتُ بسرعةٍ إلى هنا. لا استحمَمْتُ ولا أفْطرتُ.**

زەكەريا: مەن چارچاپ كەتتىم، نامازدىن كىيىن بىر دەم ئارام ئىلىش ئۈچۈن ئوڭدىسىغا ياتقانتىم، مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. مەن پەقەت سائەت توققۇزدا ئويغاندىم. دەرھال تەھارەت ئىلىپ تىزسۇرئەتتە بۇ يەرگە ماڭدىم. مۇنچىغاچۈشمىدىم ھەمدە تاماقمۇ يىمىدىم.

**المدرس:** **ألم يُوقِظْكَ زملاؤُكَ؟**

ئوقۇتقۇچى: ساۋاقداشلىرىڭ ئويغاتمىدىمۇ؟

**زكريا:** **إنَّ زملائي الذين يسكنون معي ذهبوا كلُّهم إلى المطار لاستِقْبالِ رئيسِهم.**

زەكەريا: مەن بىلەن بىرگەتۇرىدىغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى رەئىسىنى كۈتىۋىلىش ئۈچۈن ئايرۇدۇرۇمغا كەتكەن ئىدى.

**المدرس:** **لا بأسَ. اقرأ الحديث يامَرْوانُ.**

ئوقۇتقۇچى: ھىچقىسى يوق. ئى مەرۋان ھەدىسنى ئوقوغىن.

**مروان:** **عن أبي ذرٍّ عن النبيّ صلى الله عليه وسلم فيما روى عن الله تبارك وتعالى أنَّه قال" :يا عِبَادِي إنِّي حرّمْتُ الظُّلمَ على نَفسي، وجعلته بينكم مُحَرَّما، فلا تَظَاَلُموا.**

**ياعبادي كلكُمْ ضالٌّ إلاّ مَنْ هَدَيْتُه، فاستَهْدُوْني، أَهْدِكُم.**

**ياعبادي، كلُّكم جائع إلا من أطعمْته، فاسْتَطْعِمُوني أُطْعِمْكم.**

**ياعبادي، كلكم عارٍ إلا من كَسَوتُه، فاستكْسُوْني، أكْسُكُم.**

**ياعبادي، إنكم تُخطِئُون بالليل والنَّهار، وأنا أَغْفِر لكُم الذُنوبَ جميعاً. فاستغْفِروني أغفرْ لكم... " (رواه مسلم).**

مەرۋان: ئەبۇ زەر ئارقىلىق پەيغەمبەر(صلى الله عليه وسلم) دىن نەقلى قىلىنىشىچە الله تبارك وتعالى مۇنداق دىگەن: «ئى بەندىلىرىم، مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە هارام قىلدىم هەمدە زۇلۇمنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ هارام قىلدىم، سىلەر ئۆز-ئارازۇلۇم قىلىشماڭلار.

ئى بەندىلىرىم، مەن هىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا سىلەرنىڭ هەممىڭلار ئازغۇن، مەندىن هىدايەت تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى هىدايەت قىلىمەن.

ئى بەندىلىرىم، مەن تائام بەرگەن كىشىدىن باشقا سىلەرنىڭ هەممىڭلار ئاچ، مەندىن تاماق تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرگە تاماق بىرىمەن.

ئى بەندىلىرىم، مەن كىيىم كىيگۈزگەن كىشىدىن باشقا سىلەرنىڭ هەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم كىيگۈزۈشنى تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم كىيگۈزىمەن.

ئى بەندىلىرىم، سىلەر كىچە-كۈندۈز خاتالىشىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بارلىق گۇناهلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمەن، مەندىن گۇناهلىرىڭلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ بارلىق گۇناهلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمەن...» (مۇسلىم نەقلى قىلغان)

**(يدخل عبد المَلِك)**

(ئابدۇل مەلىك كىرىدۇ)

**المدرس: آلآن تَأْتي وقد انتهى الدرس أوْ كاد؟**

ئوقۇتقۇچى: سەن هازىركىلەمسەن، ۋەهالەنكى دەرس ئاخىرلاشتى ياكى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان تۇرسا؟

**عَبْد الملك: ذهبتُ إلى مُسْتَوْصَف الجامعة، فحوَّلني الطبيبُ إلى المسْتَشْفى العامّ.**

ئابدۇل مەلىك: مەن ئونۋېرستىت دورىخانىسىغا بارغانتىم، دوختۇر مىنى خەلق دوختۇرخانىسىغا يوللىدى.

**المدرس:** **لا بأسَ عليك، طَهُورٌ إن شاء الله. استأْذَنتَ المديرَ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئەندىشە قىلما، الله خالىسا سەن ساقىيىپ كېتىسەن. سەن مۇدىردىن روخسەت سورىدىڭمۇ؟

**عبد الملك:** **نعم، استَأْذَنْتُه قبل الذّهاب، فأَذِنَ لي.**

ئابدۇل مەلىك: شۇنداق. مەن بىرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن روخسەت سورىدىم، ئۇ ماڭا روخسەت بەردى.

**(يَرِنُّ الجرُس، فيَخْرجُ المدرّس، ويَتْبعه حامدٌ ، ويُسِرُّ إليهِ حَدِيثاً)**

(قوڭغۇراق چېلىندى، ئوقۇتقۇچى چىقىپ كېتىدۇ، هامىد ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا مەخپى بىر سۆزنى دەيدۇ)

**حامدٌ:** **يافضيلةَ الشيخ، أُريدُ أَنْ أتحدَّثَ إليك في موضوع، ولكنِّني أستَحْيى.**

هامىد: ئى پەزىلەتلىك شەيخ، مەن ساڭا بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم، بىراق هايا قىلىپ خىجىل بولۇپ قالدىم.

**المدرس:** **قُلْ ولا تَسْتَحْي.**

ئوقۇتقۇچى: دېگىن، خىجىل بولما.

**حامد:** **احْتاجُ إلى مَبْلَغٍ من المال. استَقْرَضْتُ من زملاءَ لي، فلمْ يُقرضُوني. فهل يُمكِنُني أن أَقْتَرضَ منك؟**

هامىد: مەن ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىق ئىدىم. ساۋاقداشلىرىمدىن قەرز سورىدىم ئۇلار ماڭا قەرز بەرمىدى، مەن سەندىن قەرز ئېلىپ تۇرسام بولامدۇ؟

**المدرس:** **نعم، إن شاء الله.**

ئوقۇتقۇچى: بولىدۇ. الله خالىسا.

**حامد:** **جزاكَ الله خيراً. سآتيكَ بعدَ صلاةِ العصر إنْ شاءَ الله.**

هامىد: الله ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن. الله خالىسا مەن سىنىڭ قېشىڭغا ئەسىر نامىزىدىن كېيىن بارىمەن.

**المدرس:** **إذَنْ أنتظرَك.**

ئوقۇتقۇچى: ئۇنداقتا مەن سىنى كۈتىمەن.

**حامد:** **أنت الآن في بيتك الجديد. أليس كذلك؟**

هامد: سەن هازىر يېڭى ئۆيىڭدە . شۇنداق ئەمەسمۇ؟

**المدرس:** **بلى.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق.

**حامد:** **عسى أن تكون مُسْتَرِيحاً فيه.**

هامد: ئېھتىمان سەن ئۇ ئۆيدە ئارام ئىلىۋاتىسەن.

**المدرس:** **نعم. الحمد لله.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق. اللەغاشۇكرى.

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: «اِسْتَفْعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِسْتَفْعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا)، بىر «س» ۋە بىر «ت» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِسْتِفْعَالٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِسْتَقْبَلَ / يَسْتَقْبِلُ اِسْتِقْبَالٌ (كۈتمەك، قارشى ئالماق)

اِسْتَقَالَ / يَسْتَقِيْلُ اِسْتِقَالَةٌ (اِسْتِقْيَالٌ) (ئىستىپا سورىماق)

اِسْتَفَادَ / يَسْتَفِيْدُ اِسْتِفَادَةٌ (اِسْتِفْيَادٌ) (ئېرىشمەك، ئىگە بولماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: «كَيْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «اِسْتَلْقَيْتُ عَلَى قَفَايَ لِكَيْ أَسْتَرِيْحَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «كَيْ» بولسا كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىدۇر.

«كَيْ» ـــ مەسدەر قوشۇمچىسى (حرف المصدريّة) ۋە زەبەر ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىدۇر. يەنە ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ بېشىغا كىرىپ ئۇلارنى كېلىدىغان زامانغا ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچە (اسْتِقْبَال) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ قوشۇمچە ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن پېئىلنى ياسالما مەسدەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

يۇقىرىدا ئۆتكەن جۈملىنىڭ تەقدىرى مۇنداق: اِسْتَلْقَيْتُ عَلَى قَفَايَ لِلإِسْتِرَاحَةِ (مەن ئارام ئالاي دەپ يېنىچە ياتتىم).

«كَيْ»گە كۆپىنچە سەۋەبنى ئۇقتۇرىدىغان «ل» قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ قوشۇلمىسا پەرەز قىلىنىدۇ.

ئەگەر پېئىلنىڭ بېشىغا بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى بولغان «لَا» كىرسە، ئۇ «كَيْ»گە قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

أَسْرِعْ لِكَيْلا تَتَأَخَّرَ عَنِ الدَّرْسِ (دەرسكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن تېز ماڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «إِذَنْ» توغرىسىدا

تېكستتە «إِذَنْ أَنْتَظِرَكَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «إِذَنْ» كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار قاتارىدىندۇر.

«إِذَنْ» ـــ جاۋاب، جەزا (جزاء)، زەبەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىستىقبال (اسْتِقْبَال) قوشۇمچىسىدۇر.

ئۇ تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا كەلگۈسى زامان پېئىلىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ: 1) پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىش؛ 2) ئۇنىڭ بىلەن پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى قەسەم ياكى بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى «لَا»دىن باشقا قوشۇمچىلار بىلەن ئايرىلماسلىق؛ 3) پېئىلنىڭ زامانى كېلىدىغان زامان بولۇش.

بۇ ئۈچ شەرتتىن بىرى كەم بولسا، «إِذَنْ» كەلگۈسى زامان پېئىلىنى زەبەرلىك ئوقۇتالمايدۇ. مەسىلەن:

سَأَزُوْرُكَ الْيَوْمَ بَعْدَ صَلاةِ الْمَغْرِبِ إِنْ شَاءَ اللهُ.

(ئاللاھ خالىسا مەن سېنى بۈگۈن ناماز شامدىن كېيىن زىيارەت قىلىمەن)

إِذَنْ أَنْتَظِرَكَ. (ئۇنداقتا مەن سېنى كۈتىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئۆتكەن زامانىي بولۇشسىز قىلىدىغان «لا» توغرىسىدا

تېكستتە «لَا اسْتَحْمَمْتُ وَلَا أَفْطَرْتُ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «لَا» ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

**بۇ ھەقتە مۇنداق قائىدە بار:** ئەگەر «لَا» ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ تەكرارلىنىشى ۋاجىب (زۆرۈر). مەسىلەن:

﴿فَلا صَدَّقَ وَلَا صَلَّى﴾ ((كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى)

لَا رَأَيْتُهُ وَلَا كَلَّمْتُهُ (مەن ئۇنى كۆرمىدىم ھەم ئۇنىڭغا سۆز قىلمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

**5- مەزمۇن: ھالنىڭ «و»سى توغرىسىدا**

ئەگەر ھالنىڭ «و»سى (واو الحال) تەركىبىدە بولۇشلۇق ئۆتكەن زامان پېئىلى بولغان جۈملىگە كىرسە، ئۇنىڭ بىلەن «قَدْ» بىللە كىرىدۇ. مەسىلەن:

دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَالْإِمَامُ يُسَلِّمُ          دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَقَدْ سَلَّمَ الْإِمَامُ

ئىسىملىق جۈملە          پېئىللىق جۈملە

(مەن ئىمام سالام بېرىۋاتقاندا مەسجىدكە كىردىم)

وَصَلْتُ الْمَطَارَ وَالطَّائِرَةُ تَهْبِطُ          وَصَلْتُ الْمَطَارَ وَقَدْ هَبَطَتْ الطَّائِرَةُ

ئىسىملىق جۈملە          پېئىللىق جۈملە

(مەن ئايرودرومغا ئايروپىلان چۈشۈۋاتقاندا يېتىپ كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

**6- مەزمۇن: «جَعَلَ» توغرىسىدا**

تېكىستتە «وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرَّمًا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «جَعَلَ» بۇ يەردە تەھۋىل (تَحْوِيل) پېئىللىرىدىن بولۇپ، «صَيَّرَ» مەنىسىدە كەلگەن. ئۇ ئەسلى جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولغان ئىككى تولدۇرغۇچىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْخَمْرُ حَرَامٌ          جَعَلَ اللهُ الْخَمْرَ حَرَامًا

(ھاراق ھارام)          (ئاللاھ ھاراقنى ھارام قىلدى)

﴿وَ اللهُ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ بِسَاطًا﴾ (ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«جَعَلَ» يەنە «ظَنَّ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ كۆڭۈل پېئىللىرىدىن بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَجَعَلُوْا الْمَلَائِكَةَ الَّذِيْنَ هُمْ عِبَادُ الرَّحْمٰنِ إِنَاثًا﴾

(ئۇلار مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«جَعَلَ» مۇشۇ ئىككى خىل مەنىسى بىلەن «ظَنَّ»نىڭ قېرىنداشلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ يەنە باشلاش پېئىلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ «كَانَ»نىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. مەسىلەن:

جَعَلَ حَامِدٌ يَضْرِبُنِيْ  (ھامىد مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇ يەنە «أَوْجَدَ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تولۇق پېئىل بولۇپ، بىر تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

﴿اَلْحَمْدُ للهِ الَّذِيْ خَلَقَ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضَ وَجَعَلَ الظُّلُمَاتِ وَالنُّوْرَ﴾ (ئەنئام 1- ئايەت)

(جىمىي ھەمدۇ-سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

**7- مەزمۇن: مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى توغرىسىدا**

مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس)نىڭ «ي»سى ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئەلف ياكى سۇكۇنلۇق «ي» بولغان ئىسىمغا قوشۇلغاندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

فَتَى + ي = فَتَايَ (مېنىڭ بالا خىزمەتچىم)

عَصَا + ي = عَصَايَ (مېنىڭ هاسام)

غسَلْتُ يَدَيَّ (مەن ئىككى قولۇمنى يۇدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تمـــــارين**

1ـ أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)متى استيقظ زكريا من النوم؟

(2)لم تأخر عبد الملك؟

(3)ماذا طلب حامد من المدرس؟

- من أبواب الفعل الثلاثي المزيد باب (اِستَفْعَلَ) زِيدَت في أوله همزةٌ وسينٌ وتاءٌ نحو: اِستَقْبَلَ، اِسْتَغْفَرَ، اِستَمَرَّ.

2ـ استخرج من الدرس الأفعال الواردة فيه من هذا الباب.

3ـ تأمل المثال، ثم هات المضارع، والأمر، والمصدر من الأفعال الآتية:

| الماضـــي | المضـــارع | الأمـــر | المصـــدر |
|---|---|---|---|
| اِسْتَقْبَلَ | يَسْتَقْبِلُ | اِسْتَقْبِلْ | اِسْتِقْبَالٌ |
| اِسْتَغْفَرَ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اسْتَعَدَّ | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِسْتَلْقَى | ........................ | ........................ | ........................ |
| اِستراَحَ | ........................ | ........................ | اِستراَحَةٌ |
| اِسْتَقَال | ........................ | ........................ | ........................ |
| اسْتَفَادَ | ........................ | ........................ | ........................ |

4ـ عَيِّنْ في الأمثلة الآتية باب (اِسْتَفْعَل) بِمُشْتَقَّاتِه:

(1)أَسْتَحِمُّ بالماءِ البارِدِ.

(2)اِسْتَأْجَرْت هذه الشَقَة بـــ ٥١ ألفَ ريالٍ.

(3)يَسْتَمِرُّ الامتحانُ أكثر من يومين.

(4)اِسْتَعِدّوا للامتحان فإنه قريب جداً.

(5)اِسْتَسْلَمَ الُمجْرِمُ للشرْطَة.

(6)يُسْتَحَبُّ الغُسْل للإحْرام.

(7)لا يجوز الاسْتِعَانَةُ بِغَير اللّه.

(8)أنا مُسْتَعِدٌّ للسفر.

(9)أرجو لك مُسْتَقْبَلاً زاهِراً.

(10) وفي التنزيل: {وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلائِكَةِ اسْجُدُوا لآدَمَ فَسَجَدُوا إلاَّ إبْلِيسَ أَبَى وَأَسْتَكْبَر وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ} [البقرة/ 34].

ـ (اِسْتَلْقَيْتُ على قَفَايَ لِكَيْ أَسْتَرِيحَ). (كَيْ) من نَواصِب المضارع ويُسَمَّى (حرفَ مَصْدَرِيَّةٍ وَنَصْبِ واسْتِقْبالٍ) لأنها تجعل ما بعدها في تَأويل مَصْدَرٍ ، فتأويلُ المثالَ السابق: اِسْتَلْقَيْتُ عَلَى قَفَايَ لِلاسْتِراحَة.

والغالبُ أن تَسبْقَها لامُ الجرِّ التي تُفيد التَعْليل، فإن لم تَسبْقْها فهي مُقَدَّرَةٌ . إذا دخلت لا النافيةُ على الفعل كُتِبَتْ مُتَصِّلَةً بـــ(كَيْ): لِكَيْلاَ، نحو :أَسْرِعْ لِكَيْلاَ تتأخَّرَ عن الدرس.

تأمل الأمثلة الآتية لـــ (لِكَيْ):

(أ) اِلْتَحَقْتُ بالجامعة الإسلامية لكي أتعلّمَ اللغة العربية وعلوم الدين.

(ب) اِجتهدْ كي تَنجح .

(جـــ) قال أحمد لأخته: اِبْحَثي عن هذا الكتاب في مكتبة كُلِّيَّتِك. اكتبي اسْمَه لكيلا تَنْسَي.

(د) ذهب زملائي إلى السوق لكي يَشْتَرُوا الحَوائج.

(هــ) أسْرِعوا لكيلا تَفُوتَنا الطائرةُ.

5ـ ضع في الفراغ فيما يأتي (لِكَيْ /لِكَيْلاَ)، ثم عَدِّل الفعل الذي يليها:

(1)اتّصل كثير من الشَباب بالجامعة ..................................... يَسْتَفْسِرُونَ عن شروطِ القَبُول.

(2)كان مَوعِد الرحلة الساعة الثالثة صباحاً. فجلسنا نتحدّثُ ...................................... نامُ.

(3)سألتك أسئلة كثيرة ...................................... أفهمُ المَسْألة جيِّداً.

(4)ياجُرْجُ، غيِّر اسْمَك .............................................. يَظُنُّ الناسُ أنك نَصرَانِيٌّ.

(5)يازينب، اسْتَيْقِظي مبكِّرةً ........................................ تَتَأخَّرِين عن أداءِ الصلاةِ والدرس.

6ـ (إِذَنْ أَنْتَظِرك). (إِذَنْ) من نواصِب المضارع. وتُسَمَّى (حَـــرْفَ جوابٍ وجزاءٍ ونصبٍ واسْتِقْبال.(

تأمَّلَ الأمثلة الآتية تفهمْ معناها:

حامـــد :سأزُورُكَ اليومَ بعد صلاة المغرب إن شاء الله.

خالـــد :إذن أنتظرَك.

المدرس :هذا أحسنُ مُعْجَمٍ مدرسيّ.

الطـــلاب :إِذَنْ نَشتريَهُ.

علـــي :يصل أستاذنا غداً إلى المدينة المنورة إن شاء الله.

زمـــلاؤه :إِذَنْ نستقبلَه في المطار.

المدرس :أخشى أن يُطْوَى قَيْدُك، فإن غيابَك كثيرٌ.

حامـــد :إذن لا أغيبَ في المستقبَل إن شاء الله.

تَنْصِب (إِذَنْ) الفعل المضارع بالشُروط الآتيـــة:

(أ) أن تكون مُتَصَدِّرَةً.

(ب) أن تكون غيرَ مفصولةٍ عن الفعل بِغَيْرِ القَسَمِ، ولا النافيةِ.

(جـــ) أن يكون زَمَنُ الفعلِ مُسْتَقْبلاً.

(1)هات ثلاثة أمثلة لـــ (إذن).

(2)يقول طالب شيئاً، وَيرُدُّ عليه زميله مستعملاً (إذن).

- (لا استحْمَمْتُ ولا أَفْطَرْتُ). إذا نُفِيَ الماضي ب (لا) وَجَبَ تَكْرارُها.

وفي التزيل: {فَلا صَدَّقَ وَلاَ صَلَّى} [القيامة/ 31].

7ـ اِنْفِ الفعلين في كل جملة مما يأتي بـــ(لا).

(1)قرأتَ الدرسَ وكتبتَه.

(2)رأيتُه وكَلَّمْتُه.

(3)سَألَني وسَألْته.

(4)أكلْنا وشربْنا مُنذ البارِحةَ.

- (آلآن تأتِي وقد انتهى الدرسُ؟). إذا دخلت (واوُ الحالِ) على جملة فعلية فعلها ماضٍ مُثْبَتٌ دخلت معها (قَدْ).

8ـ تأمل المثال، ثم أكمل الناقص:

| | |
|---|---|
| دخلت المسجد والإمام يُسَلِّم. | دخلت المسجد وقد سَلَّم الإمامُ. |
| جملة اسمية | جملة فعلية فعلها ماض مثبت |

(1)دخلت المسجد والإمامُ يُكبِّر........................................................ .

(2)دخلنا المسجد والمُؤَذن يُقِيمُ......................................................

(3)وصلنا المدينةَ المنورة والشمس تغرُبُ............................................. .

(4)وصلت المطار والطائرة تَهْبِطُ.................................................. .

(5)دخلت الفصل والمدرس يَشْرَحُ الدرس.......................................... .

واو الحال + الجملة الاسمية

واو الحال + قَــدْ + الجملة الفعلية فعلها ماضٍ مُثْبت

– ( وَجَعَلْتُه مُحَرَّماً) . (جَعَلَ) هنا من أفعال التَحْوِيل، وهي بمعنى (صَيَّرَ) .تنصب مفعولين أصلهما مبتدأ وخبر ، نحو:

الخَمْرُ حرامٌ . جَعَلَ الله الخمرَ حراماً.

وفي التنـــزيل:

(1) {أَلَم تَرَوْا كَيْفَ خَلَقَ الله سَبْعَ سَمَواتٍ طِبَاقاً وَجَعَلَ القَمَرَ فِيهِنَّ نُوراً وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجاً} [نوح/ 15–16] .

(2) {والله جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ بِسَاطاً}[نوح/ 19].

3)) {وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ لَجَعَلَ النَّاسَ أُمَّةً واحِدَةً}[هود/118].

وتأتِيَ (جَعَلَ) بمعنى (ظَنَّ) وهي من أفعال الرُّجْحانِ، نحو: {وجَعَلُوا المَلائِكَةَ الذين هُمْ عِبَادُ الرَّحمنِ إناثاً} [ الزخرف/ 19].

(جَعَلَ) بهذين المَعْنَيَيْنِ من أخوات (ظَنَّ).

وتكون أيضاً من أفعال الشُّرُوعِ، وتعمل حِيْنَئِذٍ عَمَلَ (كَانَ)، نحو :جَعَلَ حامدٌ يضربني. (وقد مرّت بك في درس سابق).

وتأتِي بمعنى (أَوْجَدَ) وهي فِعْلٌ تامٌ ، وتنصِب مفعولاً واحداً، كما في قوله تعالى: {الحَمْدُ للهِ الَّذِي خَلَقَ السَّمواتِ والأَرْضَ، وَجَعَلَ الظُّلُماتِ والنُّورَ}.

**9-**عَيِّنْ معنى (جَعَلَ) فيما يأتي:

(1)جعل المدرّسُ يشرح الدرس.

(2) {وجعلناكم شعُوباً وَقَبَائِلَ} [ الحجرات/13].

(3)جعل الله الهَواءَ والماءَ.

(4)قال المدرِّس للطالب: أَجَعَلْتَنِي مُديراً؟

ـ(قَفَايَ). ياءُ المتكلِّم مفتوحةٌ مَعَ اسمٍ آخرُه ألفٌ أو ياءٌ ساكنتانِ، نحو: عَصايَ. فَتَايَ. دُنْيَايَ. يَدَايَ. غسلت يَدَيَّ.

10– تمرين شفوي: يسأل كلّ طالب زميلَه: متى استَيْقَظْتَ؟ ومن أَيْقَظَكَ؟

11– هات مضارع الأفعال الآتية: غَلَبَ. هَبَطَ. كَسَا. أَفْطَرَ. أَسَرَّ. أَقْرَضَ. اِقترَضَ.

12– اذكر أبواب الأفعال الواردة في حديث أبي ذَرٍّ (رضي الله عنه).

13– هات مفرد :(الحَوائج) و(الشُّرْطَة)، وجمع (القَفَا).

14– ورد في الحديث القدسي: "فلا تَظَالَمُوا" فما أصل كلمة تظالموا؟

15– يُجْمَعُ (عَارٍ ) على (عُرَاةٍ ) على وزن (فُعَلَة ). اجْمَعِ الأسماءَ الآتية هذا الجمعَ :مَاشٍ. قَاضٍ. هَادٍ . رَامٍ. وَالٍ. غَازٍ ، حَافٍ.

- نواصب الفعل المضارع أربعة أحرف هي:

(1)أَنْ :وهي حَرْفُ مَصْدَرِيَّةٍ ونَصْبٍ واسْتِقْبَالٍ، نحو:

{والله يُريدُ أنْ يَتوبَ عليكم}[النساء/27].

(2)لَنْ :وهي حَرْفُ نَفْيٍ ونَصْبٍ واستِقْبالٍ، نحو:

{قالَ: إنَّكَ لَنْ تَستَطِيعَ مَعِيَ صَبْراً} [ الكهف/67].

(3)كَيْ :وهي حرفُ مصدريّةٍ ونصبٍ واستِقْبالٍ، نحو:

{كَيْ نُسبِّحَكَ كثيراً}[طه/33].

(4)إذَنْ :وهي حرفُ جَوابٍ وجَزاءٍ ونصبٍ واستقبالٍ، نحو:

حامد :سأَزورُكَ غداً إنْ شاء الله.

خالد :إذَنْ أنتظـــرَكَ.

## (26)الدرس السادس و العشرون

المدرس: ياعـمّار، هذا هو الكُتَيِّبُ الـذي أريد تَرْجَمَته إلى اللغة الفرنسية. أتستطيع أن تُتَرْجِمه؟

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەممار، مانا بۇ مەن سىنىڭ فرانسۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىشىڭنى ئىردە قىلغان كىتاپچە . سەن ئۇنى تەجىمە قىلالەمسەن؟

عمـار: أستطيع بعَوْن الله. فقد تَرْجَمْتُ قبل هذا عِدَّة كتب إسلامية.

ئەممار: اللەنىڭ ياردىمى بىلەن تەرجىمە قىلىشقا قادىر بولىمەن.

المدرس: أريد أن أُوَزِّع الكتيّب المُتَرْجَم على إخوانٍ حَدِيثِي العَهْدِ بالإسلام.

ئوقۇتقۇچى: مەن تەرجىمە قىلىنغان كىتاپچىنى ئىسلامغا يېڭىدىن كىرگەن قىرىنداشلارغا تارقىتىپ بىرىشنى ئىرادە قىلىمەن.

عمـار: إذَنْ أُتَرْجِمه في أقرب وقت ممكن إن شاء الله.

ئەممار: ئۇنداقتا الله خالىسا ئىمكانقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى تەرجىمە قىلىمەن.

المدرس: ياعـمار، إنك تُجِيد اللغة الفرنسية وتتكلّمها كما يتكلّم أهلُ فرنسا. أفَعِشت في فرنسا؟

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەممار، ھەقىقەتەن سەن فرانسۇس تىلىنى ياخشى بىلسەن ، سەن ئۇ تىلنى خۇددى فرانسىيە ئەھلى سۆزلىگەندەكلا سۆزلەيسەن. سەن فرانسىيەدە ياشىغانمۇ؟

عمـار: نعم، إنني ولدت ونَشَأْت وتَرَعْرَعْتُ في باريس لأنَّ أبي كان يعمل هناك. إنه بقي في فرنسا خَمْسَ

**عَشْرَةَ سنة.**

ئەممار: شۇنداق، مەن پارىژدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم چۈنكى دادام ئۇ يەردە خىزمەت قىلاتتى. دادام فىرانسىيەدە ئون بەش يىل تۇرۇپ قالدى.

المدرس: **هذا هو السبب... اقرأ الآيات يا أحمد.**

ئوقۇتقۇچى: بۇ فىرانسۇس تىلىنى ياخشى سۆزلىشىڭنىڭ سەۋەبى ئىكەندە... ئى ئەھمەد! ئايەتلەرنى ئوقۇغىن.

أحمد: **(بعد ما يستعِيذ) {وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِني كَيْفَ تُحْيِي المَوْتَى قال أَوَلَمْ تُؤْمِنْ قَالَ بَلَى وَلَكِنْ لِيَطْمَئِنَّ قَلْبِي} [ البقرة/ 265].**

(پاناھلىق تىلىگەندىن كېيىن){ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. الله: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى.}

**{الله نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ الله ذلكَ هُدَى الله يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُضْلِلِ الله فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ} [ الزمر/ 23] .**

{ الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن الله نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى الله نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)،

ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) الله نىڭ هىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (الله) خالىغان ئادەمنى هىدايەت قىلىدۇ، الله ئازدۇرغان ئادەمگە هېچ هىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ }

**{وَإِذَا ذُكِرَ اللهُ وَحْدَهُ اشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِينَ مِنْ دُونِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ} [الزمر/ 45] .**

{يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. الله تىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ }

**(يدخل رجلٌ ويسلّم)**

(بىر كىشى كىرىدۇ ھەممە سالام بىرىدۇ)

المدرس: **(بعد ما يَرُدُّ التحيّة) يا إخوان، هذا هو المراقبُ الجديد. من كان لديه سؤالٌ فليسأله.**

ئوقۇتقۇچى: (سالام قايتۇرغاندىن كىيىن) ئى قىرىنداشلار، بۇ يىڭى كۆزەتچى. قانداق كىشىنىڭ سوئالى بولسا ئۇنىڭدىن سورىسۇن.

حامد: **ياشيخ، مِنَّا من يريد أن يشترك في مُعَسْكَر الجامعة. أفيسجّلُ اسمَه لديك الآن؟**

هامىد: ئى شەيخ، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئونۋىرستىت لاگىرىغا قاتنىششىنى خالايدىغان كىشى بار. ئۇ هازىر ئىسمىنى سىنىڭ يىنىڭدا تىزىملىتامدۇ؟

**المراقب: نعم. هذا، وأريد أن أَدُلّكم على أمر فيه أجرٌ إن شاء الله. مِنْ طلاب المعهد مَنْ هم بحاجة إلى مُساعَدة . فسَاعِدوهم مِمّا آتاكم الله. من أراد أن يساعدهم فليتّصل بأَمِين صُنْدوق البرِّ أَو مدير المعهدِ.**

كۆزەتچى: شۇنداق. مانا، مەن سىلەرگە الله خالىسا ئەجىر بار ئىشنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىرادە قىلىمەن. ئىنىستىتوت ئوقوغۇچىلىرىدىن ياردەمگە مۇھتاج كىشىلەر بار. شۇڭا سىلەر الله سىلەرگە بەرگەن بىر قىسىم نەرسىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بىرىڭلار. قانداق كىشى ئۇلارغا ياردەم بەرمەكچى بولسا خەيرى ساخاۋەت ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى ياكى ئىنىستىتوت مۇدىرى بىلەن ئالاقىلاشسۇن.

## بۇ دەرستىكى گىراممانىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: تۆت ھەرپلىك پېئىللار توغرىسىدا

تۆت ھەرپلىك پېئىل (رُبَائِي) ـــ ئەسلى تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇمۇ مۇجەررەد (تۇپ پېئىل) ۋە مەزىد (ياسالما پېئىل) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

تۆت ھەرپلىك مۇجەررەد (رباعي مجرد) پېئىللىرىنىڭ بىرلا بابى بولۇپ، ئۇ «فَعْلَلَ» بابىدىن ئىبارەت. مەسدىرى «فَعْلَلَةٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

تَرْجَمَ / يُتَرْجِمُ تَرْجَمَةٌ (تەرجىمە قىلماق)

بَعْثَرَ / يُبَعْثِرُ بَعْثَرَةٌ (چېچىۋەتمەك، تارقىتىۋەتمەك)

هَرْوَلَ / يُهَرْوِلُ هَرْوَلَةٌ (يۈگۈرمەك، چاپماق)

زَلْزَلَ / يُزَلْزِلُ زَلْزَلَةٌ (قورقۇتماق، تەۋرىمەك)

دَحْرَجَ / يُدَحْرِجُ دَحْرَجَةٌ (يۇملاتماق، دوملاتماق)

فَرْقَعَ / يُفَرْقِعُ فَرْقَعَةٌ (قاراس-قۇرۇس ئاۋاز چىقارماق)

وَسْوَسَ / يُوَسْوِسُ وَسْوَسَةٌ (ۋەسۋەسە قىلماق، ئازدۇرماق)

قَهْقَهَ / يُقَهْقِهُ قَهْقَهَةٌ (قاقاقلاپ كۈلمەك)

تۆت ھەرپلىك مەزىد (رباعي مزيد) پېئىللىرىنىڭ ئۈچ بابى بولۇپ، ئۇلار:

1) «تَفَعْلَلَ» بابى. مەسدىرى «تَفَعْلُلٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

تَرَعْرَعَ / يَتَرَعْرَعُ تَرَعْرُعٌ (ئۆسۈپ يېتىلمەك)

تَمَضْمَضَ / يَتَمَضْمَضُ تَمَضْمُضٌ (ئېغىزنى چايقىماق)

تَدَحْرَجَ / يَتَدَحْرَجُ تَدَحْرُجٌ (دومىلىماق، يۇمىلىماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) «افْعَلَلَّ» بابى. مەسدىرى «افْعِلْلَالٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِطْمَأَنَّ / يَطْمَئِنُّ اِطْمِئْنَانٌ (كۆڭلى خاتىرجەم بولماق)

اِشْمَأَزَّ / يَشْمَئِزُّ اِشْمِئْزَازٌ (سىقىلماق، زېرىكمەك)

اِقْشَعَرَّ / يَقْشَعِرُّ اِقْشِعْرَارٌ (تىترىمەك، تىترەك ئۇلاشماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) «افْعَنْلَلَ» بابى. مەسدىرى «افْعِنْلَالٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِحْرَنْجَمَ / يَحْرَنْجِمُ اِحْرِنْجَامٌ (يىغىلماق، توپلانماق)

اِفْرَنْقَعَ / يَفْرَنْقِعُ اِفْرِنْقَاعٌ (ئىستىپا بەرمەك، چېكىنمەك)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 2- مەزمۇن: ئايرىش ئالمىشى توغرىسىدا

تېكىستتە «هٰذَا هُوَ الْمُرَاقِبُ الْجَدِيْدُ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «هُوَ» دېگەن ئالماش بۇ يەردە ئايرىش (فصل) ئالمىشى بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن.

ئايرىش ئالمىشى خەۋەر بىلەن ئەگەشكۈچى (تابع)نىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئىئرابتىن ئورنى يوق. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى جۈملىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدىكى «المراقب» خەۋەر بولۇپ، ئەگەر ئايرىش ئالمىشى ــــ «هُوَ»نى تاشلىۋېتىپ «هٰذَا المراقب الجديد» دېسەك، بۇ ۋاقىتتا «المراقب»نىڭ «هذا»دىن بەدەل بولۇشى دۇرۇس (يەنى، «المراقب»نى «هذا»نىڭ ئىزاھلىغۇچىسى دېيىش دۇرۇس).

شۇنىڭغا ئوخشاش «حَامِدٌ هُوَ النَّاجِحُ» دېگەن جۈملىدە «الناجح» خەۋەردۇر. ئەگەر بۇ جۈملىدە ئايرىش ئالمىشى تاشلىۋېتىلىپ «حَامِدٌ النَّاجِحُ» دېيىلسە، بۇ ۋاقىتتا «الناجح»نىڭ «حامد»نىڭ سۈپىتى بولۇشى توغرا. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| | هٰذِهِ | هِيَ | السَّيَّارَةُ |
| ئىگە | ئايرىش ئالمىشى | خەۋەر | |
| | ﴿وَأُولٰئِكَ | هُمُ | الْمُفْلِحُوْنَ﴾ |
| ئىگە | ئايرىش ئالمىشى | خەۋەر | |

دېگەنگە ئوخشاش.

### 3- مەزمۇن: بەزىلەشتۈرۈشنى ئىپادىلەيدىغان «مِنْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «مِنَّا مَنْ يُرِيْدُ ...» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «مِنْ» بولسا، بەزىلەشتۈرۈش (تَبْعِيْضِيَّة)نى ئىپادىلەيدىغان «مِنْ»دىن ئىبارەت. شۇڭا، مەزكۇر جۈملىدىكى «مِنَّا» ــــ بىزنىڭ بىر قىسمىمىز، بەزىمىز دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

كُلْ مِنْ هٰذَا (سەن بۇنىڭ بىر قىسمىنى يېگىن)

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُوْلُ آمَنَّا بِاللهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِيْنَ﴾

(كىشىلەر ئىچىدە ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ)

### 4- مەزمۇن: سوراق قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن كېلىشى توغرىسىدا

سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە (أ) باغلاش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

ئەمما، ھەمزىدىن باشقا سوراق قوشۇمچىلىرى باغلاش قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَوَلَمْ يَنْظُرُوْا ...﴾؛ ﴿أَفَلَمْ يَسِيْرُوْا ...﴾؛ ﴿أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ آمَنْتُمْ بِهِ﴾؛ ﴿فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا الْقَوْمُ الْفَاسِقُوْنَ﴾ دېگەنگە ئوخشاش.

### 5- مەزمۇن: «رَبِّ» توغرىسىدا

تېكستتە «رَبِّ أَرِنِيْ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «رَبِّ»نىڭ ئەسلىسى «يَا رَبِّيْ» بولۇپ، مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى بىلەن چاقىرىش قوشۇمچىسى تاشلانغان.

مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان چاقىرىلغۇچى (مىنادى)دا بەش خىل يول دۇرۇس بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى مۇنۇلار:

1) «ي»نىڭ تاشلىنىپ زىرنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇشى دۇرۇس. مەسىلەن: «يَـا رَبِّ» ... دېگەنگە ئوخشاش (بۇنداق ئىشلىتىش كۆپ ئۇچرايدۇ).

2) «ي»نى سۈكۈنلۇق ھالەتتە قالدۇرۇش دۇرۇس. مەسىلەن: «يَـا رَبِّـيْ» ... دېگەنگە ئوخشاش (بۇنداق ئىشلىتىش ئالدىنقىسىدىن ئازراق ئۇچرايدۇ).

3) «ي»نى زەبەرلىك ھالەتتە قالدۇرۇش دۇرۇس. مەسىلەن: «يَا رَبِّيَ» ... دېگەنگە ئوخشاش.

4) «ي»نى «ا» (ئەلىف)قا ئالماشتۇرۇش. مەسىلەن: «يَا رَبَّا» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ خىل ھالەتتە توختىغاندا سۈكۈنلۇق «ه» (ھاء)نىڭ قوشۇلۇشى توغرا. مەسىلەن: «يَا رَبَّاهْ» ... دېگەنگە ئوخشاش.

### 6- مەزمۇن: «إذا الفجائية» توغرىسىدا

ئەگەر شەرتنىڭ جاۋابى ئىسىملىق جۈملە بولسا، ئالدىغا «ف»نى قوشۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىز ئىلگىرىكى دەرسلىرىمىزدە ئۆگىنىپ بولغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش «إِذَا الْفَجَائِيَّة»نىڭ «ف»نىڭ ئورنىدا شەرتنىڭ جاۋابىغا ئۇلىنىشى دۇرۇس. مەسىلەن:

﴿وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِيْنَ مِنْ دُوْنِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُوْنَ﴾

(ئەگەر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇشال بولۇپ كېتىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 7- مەزمۇن: ئاخىرى جەزملىك ئوقۇلغان مۇزائەف كەلگۈسى زامان پېئىلى ۋە بۇيرۇق پېئىلى توغرىسىدا

ئاخىرى جەزملىك ئوقۇلغان مۇزائەف كەلگۈسى زامان پېئىلى ۋە بۇيرۇق پېئىلىدا ئىدغام قىلىشمۇ ۋە ئىدغامسىز كېلىشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

لَمْ يَشُدَّ ← لَمْ يَشْدُدْ　　　　شُدَّ ← أُشْدُدْ

دېگەنگە ئوخشاش.

## پېئىل بابلىرى توغرىسىدا خۇلاسە

**تۆت ھەرپلىك مۇجەررەد (رباعي مجرد) پېئىللىرىنىڭ بىرلا بابى بولۇپ، ئۇ:**

| | | |
|---|---|---|
| فَعْلَلَ / يُفَعْلِلُ | تَرْجَمَ / يُتَرْجِمُ | (تەرجىمە قىلدى) |

**تۆت ھەرپلىك مەزىد (رباعي مزيد) پېئىللىرىنىڭ ئۈچ بابى بولۇپ، ئۇلار:**

| | | |
|---|---|---|
| 1. تَفَعْلَلَ / يَتَفَعْلَلُ | تَمَضْمَضَ / يَتَمَضْمَضُ | (ئېغىز چايقىدى) |
| 2. اِفْعَلَلَّ / يَفْعَلِلُّ | اِطْمَأَنَّ / يَطْمَئِنُّ | (خاتىرجەم بولدى) |
| 3. اِفْعَنْلَلَ / يَفْعَنْلِلُ | اِحْرَنْجَمَ / يَحْرَنْجِمُ | (توپلاندى) |

**ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد (ثلاثي مجرد) پېئىللىرىنىڭ ئالتە بابى بولۇپ، ئۇلار:**

| | | |
|---|---|---|
| 1. فَعَلَ / يَفْعُلُ | كَتَبَ / يَكْتُبُ | (يازدى) |
| 2. فَعَلَ / يَفْعِلُ | جَلَسَ / يَجْلِسُ | (ئولتۇردى) |
| 3. فَعَلَ / يَفْعَلُ | ذَهَبَ / يَذْهَبُ | (باردى) |
| 4. فَعِلَ / يَفْعَلُ | سَمِعَ / يَسْمَعُ | (ئاڭلىدى) |
| 5. فَعِلَ / يَفْعِلُ | وَرِثَ / يَرِثُ | (مىراسخور بولدى) |
| 6. فَعُلَ / يَفْعُلُ | كَثُرَ / يَكْثُرُ | (كۆپ بولدى) |

---

---

**ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ ئون ئىككى بابى بولۇپ، ئۇلار:**

| | | |
|---|---|---|
| 1. أَفْعَلَ / يُفْعِلُ | أَسْلَمَ / يُسْلِمُ | (ئىسلام كەلتۈردى) |
| 2. فَعَّلَ / يُفَعِّلُ | سَلَّمَ / يُسَلِّمُ | (سالام بەردى، تاپشۇردى) |

| |
|---|
| 3. فَاعَلَ / يُفَاعِلُ جَاهَدَ / يُجَاهِدُ (ئۇرۇش قىلدى) |
| 4. تَفَعَّلَ / يَتَفَعَّلُ تَعَلَّمَ / يَتَعَلَّمُ (ئۆگەندى، ئىلىم ئالدى) |
| 5. تَفَاعَلَ / يَتَفَاعَلُ تَنَاوَلَ / يَتَنَاوَلُ(ئالدى، تاپشۇرۇپ ئالدى) |
| 6. اِنْفَعَلَ / يَنْفَعِلُ اِنْكَسَرَ / يَنْكَسِرُ (سۇندى، مەغلۇب بولدى) |
| 7. اِفْتَعَلَ / يَفْتَعِلُ اِسْتَمَعَ / يَسْتَمِعُ (ئاڭلىدى، قۇلاق سالدى) |
| 8. اِفْعَلَّ / يَفْعَلُّ اِحْمَرَّ / يَحْمَرُّ (قىزاردى) |
| 9. اِفْعَالَّ / يَفْعَالُّ اِحْمَارَّ / يَحْمَارُّ (قىپقىزىل بولدى) |
| 10. اِسْتَفْعَلَ / يَسْتَفْعِلُ اِسْتَقْبَلَ / يَسْتَقْبِلُ (قارشى ئالدى، كۈتتى) |
| 11. اِفْعَوْعَلَ / يَفْعَوْعِلُ اِعْشَوْشَبَ / يَعْشَوْشِبُ (ئوت-چۆپ قاپلاپ كەتتى) |
| 12. اِفْعَوَّلَ / يَفْعَوِّلُ اِجْلَوَّزَ / يَجْلَوِّزُ (تېز ماڭدى) |

## تمـــارين

**1-أجب عن الأسئلة الآتيـــة:**

**(1)** لماذا يريد المدرس ترجمة الكتيّب؟

**(2)** أين وُلِدَ عمّار؟ وأين ترعرع؟

**(3)** كم سنة بقي أبوه في فرنســا؟

**2_ الفعل إما ثُلاثيٌّ وإما رُبَاعِيٌّ.**

فالثُّلاثيُّ ما فيه ثلاثةُ أَحْرُفٍ أَصْلِيّةٍ ، نحو: كَتَبَ، سَلَّمَ، اِنْكَسَرَ. وقد درسته.

أما الرُّباعِيُّ فما كان فيه أربعةُ أحرفٍ أصليّة، وهو إما مجرَّدٌ ، وإما مَزِيدٌ.

فالمجرّد له باب واحد، وزنه فَعْلَلَ، نحو: تَرْجَمَ. بَعْثَرَ .هَرْوَلَ.

دَحْرَجَ. فَرْقَعَ. زَلْزَلَ .وَسْوَسَ. قَهْقَهَ.

**والمزيد له ثلاثة أبواب، وهي:**

**(1)تَفَعْلَلَ، نحو :تَرَعْوَعَ، تَمَضْمَضَ، تَدَحْرَجَ.**

**(2)اِفْعَلَلَّ، نحو :اِطْمَأَنَّ. اِشْمَأَزَّ. اِقْشَعَرَّ.**

**(3)اِفْعَنْلَلَ، نحو :اِحْرَنْجَمَ. اِفْرَنْقَعَ.**

**استخرج من الدرس الأفعال الرباعية، ومشتقاتها، واذكر باب كل واحد منها.**

3ـ تأمل الأمثلة، ثم أكمل الناقص:

| الماضي | المضارع | المصدر |
|---|---|---|
| تَرْجَـمَ | يُتَرْجِـمُ | تَرْجَمَـةٌ |
| بَعْـثَرَ | ............................................ | ............................................ |
| هَـرْوَلَ | ............................................ | ............................................ |
| زَلْـزَلَ | ............................................ | ............................................ |
| تَرَعْوَعَ | يَتَرَعْوَعُ | تَرَعْوُعٌ. |
| تَمَضْمَضَ | ............................................ | ............................................ |
| اِطْمَـأَنَّ | يَطْمَـئِنُّ | اِطْمِئْنَـانٌ |
| اِشْمَـأَزَّ | ............................................ | ............................................ |
| اِقْشَعَـرَّ | ............................................ | ............................................ |
| اِحْرَنْجَـمَ | يَحْرَنْجِـمُ | اِحْرِنْجَام |
| اِفْرَنْقَـعَ | ............................................ | ............................................ |

4ـ عيِّنْ الأفعال الرباعية ومشتقاتها فيما يأتِيَ، واذكر باب كلّ واحد منها:

(1) دخل الطفل مكتبي وبَعْثَرَ الكتب والأوراق.

(2) دَغْدَغْتُ الطفل فضَحِك.

(3) أعطاني الطبيب دواءً للغَرْغَرَة.

(4) قال تعالى: {أَلاَ بِذِكْرِ الله تَطْمَئِنُّ القُلُوبُ} [الرعد/28].

(5) وقـــال تعالى: {فَمَنْ زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وأُدْخِلَ الجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ} [آل عمران/ 185] .

(6) في حديثٍ قُدْسِيٍّ : قال النبيُّ صلى الله عليه وسلم: "قـــال الله تعالى: يا ابْنَ آدَمَ، قُمْ إلَيَّ أمْشِ إليك، وامْشِ إلَى أُهَرْوِلْ إليك". (رواه الإمام أحمد).

(7) عن أبي عبـــد الله الصُّنَـــابِحِيّ عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "مَنْ تَمَضْمَضَ واسْتَنْثَرَ خرجت خطاياه من أنفه وفمه ". (رواه الإمام أحمد).

(8) عن ابْنِ عُمَرَ عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "إن الله يَقْبَلُ تَوْبَةَ العَبْدِ ما لم يُغَرْغِرْ". (رواه الترمذي وابن ماجة وأحمد).

(9) لا بَأْسَ بالمَضْمَضَةِ والتَّبَرُّدِ للصّائم.

(10) كان النَّحْويُّ عيسَى بْنُ عُمَرَ الثَّقَفِيُّ يَتَقَعَّرُ في كلامه. سَقَط يوماً عن حماره فاجتمـــع عليه النـــاس. فقال: مالكـــم تَكَأْكَأْتُم عليَّ كَتَكَأْكُئِكُم على ذِي جِنَّة. اِفْرَنْقِعُوا عنِّي. فقال بعضُهم: دَعُوه فإن شيطانَه يتكّلم بالهِنْدِيَّة.

5_ (هذا هو المراقبُ الجديدُ). هنا (هو) ضميرُ فَصْلٍ. وضمير الفصل ضميرُ رفعٍ يُؤْتَي به للفَصْل بين ما هو خبرٌ وما هو تابعٌ . ولا مَحَلَّ له من الإعراب.

ففي قولنا (هذا هو المراقبُ الجديدُ) (المراقب) خبر. وإذا حذفنا ضمير الفصل وقلنا (هذا المراقبُ الجديدُ) يجوز أن يكون (المراقب) بَدَلاً من (هذا) كأننا نريد أن نقول (هذا المراقب الجديد نَشِيط).

وكذلك في قولنا (حامدٌ هو الناجحُ) (الناجح) خبر. وإذا حذفنا ضمير الفصل وقلنا (حامدٌ النَّاجِحُ) يجوز أن يكون (الناجح) نَعْتاً لــ(حامد).

إليك أمثلة أخرى لضمير الفصل:

(أ) {وأولئك هم المُفْلِحُون... }.

(ب) {إنّ شانِئَك هو الأَبْتَرُ }.

(جـ) هذه هي السّيـــارةُ.

**(1)استخرج ما ورد في الدرس من ضمائر الفصل.**

**(2)أدخل (ال) على الخبر في كل جملة مما يأتي، وَأْتِ بضمير فَصلٍ مناسب:**

| | |
|---|---|
| (أ) هـــذا بيت | (ب) هؤلاء ناجحـــون. |
| (جـ) هذه مجلـــة. | (د) أولئك راسبـــات. |

6_ (مِنّا مَنْ يريد...) هذه (مِنْ التَّبْعِيضِية). فمعنى (مِنّا) بعضُنا. إليك أمثلة أخرى:

**(1)كُلْ مِنْ هـــذا الثَّرِيْدِ.**

**(2)مِنَ الـــطلاب مَنْ يعـــرف الإنكليزية، ومنهم مَنْ يعرف الفرنسية .ومنهم مَن لا يعرفهما.**

(3) قال تعالى: {وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمنّا باللهِ وَبالْيَوْمِ الآخر وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِيْنَ} [البقرة/8].

(4) وقوله تعالى: {وَيُقِيْمُوْنَ الصَّلاةَ وَمِمّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ} [البقرة/ 3].

**(5)أنت مِنْ أحسن الطلابِ أَدباً وعِلْماً.**

7_ (أَفَعِشْتَ في فرنسا؟). همزةُ الاستفهام تَتَقَدَّم على حروف العطف، نحو:

(1) {أَوَ لَم يَنْظُروا} [الأعراف/ 185].

(2) {أَفَلَمْ يَسِيرُوا} [يوسف/ 109].

(3) {أَثُمَّ إذا ما وَقَعَ آمنتم به}[يونس/ 51].

وأَخَواتُها تتأخَّر عن حروف العطف، نحو:{فَهَلْ يُهْلَكُ إلا القومُ الفاسِقُون}[الأحقاف/ 35]

**أَدْخِلْ واوَ العَطْفِ على هاتين الجملتين:**

| | |
|---|---|
| (1)أجاءَ مدرّسون جددٌ ؟ | (2)هل هذا جائِزٌ ؟ |

8_ {وإذْ قال إبراهيم}. هنا (إذْ) مفعولٌ به لفعلٍ مَحْذوفٍ تقديره: اُذْكُروا.

9_ (مَوْتَى) جمعُ مَيِّت. وهو على وزن (فَعْلَى) (غير مُنَوَّنٍ لأنه ممنوع من الصرف).

هات جمع الأسماء الآتية على وزن (فَعْلَى):

مَرِيض ........................................ قَتِيل..............................................

جَرِيح.......................................... أَسِير..............................................

صَرِيع.......................................... أَحْمَق...........................................

10ـ (رَبِّ أَرِنِي). هنا (رَبِّ) أصلهُ (ياربِّي) حُذِفَ منه حرفُ النِّداءِ، وياء المتكلّم. هذا مثال للمُنادَى المُضافِ إلى ياء المتكلم.

يجوز في يائِه خمسةُ أوجُهٍ ، وهي:

(1)حَذْفُها مع بقاءِ الكسرة، نحو: يا ربِّ. وهذا هو الأكثر.

(2)إثباتُ الياءِ ساكنةً، نحو :ياربِّي. هذا دونَ الأول في الكثرة.

(3)إثباتُ الياءِ مفتوحةً، نحو :ياربِّيَ.

(4)قَلْبُ الياءِ ألِفاً، نحو :ياربَّا. وقد تلحَقُها هاءُ السكتِ عند الوقف، نحو: يا ر بَّاهْ.

(5)قلبُ الياءِ أَلِفاً، وحذفُها، والاسْتِغْناءُ عنها بالفتحة، نحو: ياربَّ ..
يُجمعُ هذه الأوجُهَ قولُنا" :رَبِّ، رَبِّي، رَبَّ، رَبَّا، رَبِّيَ."

11ـ {إِذَا هُمْ يَسْتَبْشرونَ}. إذا كان جوابُ الشَّرْطِ جملةً اسميّةً وَجَبَ اقْتِرانُه بالفاء كما علمت. ويجوزُ إِقَامَةُ (إذا الفُجَائِيَّةِ) مقامَ الفاءِ.

12ـ {ومَنْ يُضْلِلِ اللهُ... }. المضارع المجزوم بالسكون والأمر المبني عليه من الفعلِ المُضَعَّف يجوزُ فيهما الإِدْغَامُ والفَكُّ، نحو:

لَمْ يَشُدَّ/ لم يَشْدُدْ .شُـــدَّ/ اشْـــدُدْ.

وفي التنـــزيل: {وَاحْلُلْ عُقْدَةً مِنْ لِسَانِي... }[طه/27].

13ـ ما نَوْعُ (مـــا) في (كما يتكلّم أهل فرنسا)؟

14ـ ما مفرد (الجلُـــود)؟

15ـ اذكر باب كل فعل مما يأتي: استَنْثَرَ، تقَعَّرَ، اسْتَبْشَرَ، لانَ.

16ـ (ما لَمْ يُغَرْغِرْ) أي مُدَّةَ عَدَمِ الغرغرةِ. هذه "ما" المصدريَّةُ الظرفيَّةُ. هاكَ أمثلة أخرى.

(أ) "سَيبقَى الإسلامُ ما بَقِيَ العالَمُ " أي مُدَّةَ بقاءِ العالم.

(ب) "أطِيعُوني ما أطَعْتُ اللهَ ورسولَه " أي مُدَّةَ إطاعتي الله و رسولَه.

(جـ) "اجلسْ في هذا الكرسيّ ما لم يأتِ صاحبُه" أي مُدَّةَ عَدَمِ إتْيانِ صاحبِهِ.

**خلاصة:**

**الفعل نوعان:**

**1- الثلاثي**

| المجرد (وله 6 أبواب) | المزيد (وله 12 باباً) |
|---|---|
| فَعَلَ يَفْعُلُ ــ كَتَبَ يَكْتُبُ<br>فَعَلَ يَفعِلُ ــ جَلَسَ يَجْلِسُ<br>فَعَلَ يَفْعَلُ ــ ذَهَبَ يَذْهَبُ<br>فَعِلَ يَفعَلُ ــ سَمِعَ يَسْمَعُ<br>فَعِلَ يَفعِلُ ــ وَرِثَ يَرِثُ<br>فَعُلَ يَفعُلُ ــ كَثُرَ يَكْثُرُ | (أ)مازيد فيه حرف واحد:<br>1- فَعَّلَ ــ سَلَّمَ<br>2- أَفْعَلَ ــ أَسْلَمَ<br>3- فَاعَلَ ــ جَاهَدَ<br>ب- مازيد فيه حرفان:<br>1- تَفَعَّلَ ــ تَعَلَّمَ<br>2- تَفَاعَلَ ــ تَنَاوَلَ<br>3- اِنْفَعَلَ ــ اِنْكَسَرَ<br>4- اِفْتَعَلَ ــ اِسْتَمَعَ<br>5- اِفْعَلَّ ــ اِحْمَرَّ<br>جـ - مازيد فيه ثلاثة أحرف:<br>1- اِسْتَفْعَلَ ــ اِسْتَقْبَلَ<br>2- اِفْعَالَّ ــ اِحْمَارَّ<br>3-اِفْعَوْعَلَ ــ اِعْشَوْشَبَ<br>4-اِفْعَوَّلَ ــ اِجْلَوَّذَ |

**2 -الرباعي**

| المجرد (وله باب واحد ) | المزيد (وله ثلاثة أبواب) |
|---|---|
| فَعْلَلَ ــ تَرْجَمَ | أ- ما زيد فيه حرف واحد:<br>- تَفَعْلَلَ ــ تَمَضْمَضَ<br>ب- مازيد فيه حرفان:<br>1-اِفْعَلَلَّ ــ اِطْمَأَنَّ<br>2- اِفْعَنْلَلَ ــ اِحْرَنْجَمَ |

## (27)الدرس السابع و العشرون

**المدرس: يا أسامة، المراقب يطلُبك في مكتبه.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئوسامه، كۆزەتچى سىنى ئىشخانىسىدا چاقىرىۋاتىدۇ.

**أسامة: أريد أن آخـذ معي زميلَيَّ هذين.**

ئوسامه: مەن بۇ ئىككى ساۋاقدىشىمنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىشنى خالايمەن.

**المدرس: لم يطلب المراقب إلاّ إيّـاكَ.**

ئوقۇتقۇچى: كۆزەتچى پەقەتلا سىنى چاقىرىۋاتىدۇ.

**أسامة: أخشى أنه نَسِيَ. إنّي وإيّاهما مشتركون في مسابقة السِّباحة.**

ئوسامه: مەن ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن. ھەقىقەتەن مەن ئۇ ئىككىسى بىلەن سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمىز.

**المدرس: خذهما إذاً... أين كتاب المدير يا إبراهيم؟**

ئوقۇتقۇچى: ئۇنداقتا سەن ئۇ ئىككىسىنىمۇ ئېلىپ بارغىن.. ئى ئىبراھىم، مۇدىرنىڭ كىتابى قەيەردە؟

**إبراهيم: أَعْطَيْتُه إيّـاهُ.**

ئىبراھىم: مەن ئۇنى مۇدىرغا بەرگەن.

**المدرس: وأين دفاتر الطـلاب؟**

ئوقۇتقۇچى: ئوقوغۇچىلارنىڭ دەپتەرلىرى قەيەردە؟

**إبراهيم: أعطيْتهم إيّاهـا.**

ئىبراھىم: مەن دەپتەرلەرنى ئوقوغۇچىلارغا بەرگەن.

**المدرس: وأين مجـلّتي؟**

ئوقۇتقۇچى: مىنىڭ ژورنىلىم قەيەردە؟

**إبراهيم: أعطيْتُكَهـا.**

ئىبراھىم: مەن ئۇنى ساڭا بەرگەن.

**المدرس: متى أعطيتَنِيها؟**

ئوقۇتقۇچى: سەن ئۇنى ماڭا قاچان بەرگەن؟

**إبراهيم: أعطيتُكها أمس في مكتبك. أخذتَها ووضعتها في الدُّرْج.**

ئىبراھىم: مەن ئۇنى ساڭا تۈنۈگۈن ئىشخاناڭدا بەرگەن.

**المدرس: نعم، الآن تذكّرت... ما اسمك يا أخي؟**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق، مەن ھازىر ئىسمىگە ئالدىم... ئى قېرىندىشىم، ئىسمىڭ نىمە؟

**هـو: أإيّايَ تسأل يا أستاذ؟**

ئۇ: ئى ئۇستاز، سەن مەندىن سوراۋاتامسەن؟

**المدرس: نعم، إيّـاك أسأل.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق، مەن سەندىن سوراۋاتىمەن.

**هـو: اسمي عُكَاشَـةُ، التحقت بالمعهد اليوم .وَالْتَحَقَ معي ثلاثة طلاب من بلدي. هم في فصل آخر. يا أستاذ، أرجو أن تساعدني فقد فاتتني دروس كثيرة.**

ئۇ: ئىسمىم ئوكاشە، مەن ئىنستىتوتقا بۈگۈن كىردىم.

**المدرس: سأساعدك وإيّاهم إن شاء الله.**

ئوقۇتقۇچى: مەن الله خالىسا ساڭا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىمەن.

**عكاشة: لن ننسى مُساعَدَتَك إيّانا أبدا إن شاء الله.**

ئوكاشە: الله خالىسا بىز سىنىڭ ياردىمىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز.

**المدرس: أراك تُجِيد اللغة العربية. من علَّمَك إيّاها؟**

ئوقۇتقۇچى: مەن سىنىڭ ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ساڭا ئەرەب تىلىنى كىم ئۆگەتكەن؟

**عكاشة: علّمني إيّاهـا أبي.**

ئوكاشە: ماڭا ئۇنى دادام ئۆگەتكەن.

**المدرس: اقرأ الآيات ياحامد.**

ئوقۇتقۇچى: ئى هامىد، ئايەتلەرنى ئوقوغىن.

**حامد: (يستعيذ ويُبَسمِلُ ثم يقرأ): {إيّاك نَعْبُدُ وإيّاك نَسْتَعِينُ}[الفاتحة/ 5]**

{(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز [5]}.

**{وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُوا إلاَّ إِيَاهُ وَبِالوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً...} [الإسراء/23].**

{ پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى }

**{يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وإِيَاكُمْ... }[الممتحنة/ 1].**

{ ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار الله قا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى }

**{وإِنَّا أَوْ إِيَاكم لَعَلَى هُدىً أَوْ فِي ضَلالٍ مُبِينٍ}[سبأ/ 24].**

{ شۈبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز» [24]. }

**(يُسمع رَنِينُ**

**الجَرَسَ)**

(قوڭغۇراق

ئاۋازى

ئاڭلىندى)

**حامد: هذا يومُ زيارةِ المدرسينَ إِيانا في المهجع. ننتظر المديرَ وإيّاك يا أُستاذ بعد صلاة العصر.**

هامىد: مانا بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىزنى ياتاقتا زىيارەت قىلىدىغان كۈنى. ئى ئۇستاز، بىز ئەسىر نامىزىدىن كېيىن مۇدىرنى

ۋە سىنى كۈتىمىز.

**المدرس: سنزوركم إن شاء الله.**

ئوقۇتقۇچى: اللە خالىسا بىز سىلەرنى زىيارەت قىلىمىز.

## بۇ دەرستىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### كىشىلىك ئالماش (ضَمِيْر) توغرىسىدا

كىشىلىك ئالماش (ضمير) ـــ مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش (ضمير منفصل) ۋە ئۇلانما كىشىلىك ئالماش (ضمير متّصل) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش ـــ باشقا سۆزلەرگە قوشۇلماي مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان ئالماشلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆز باشلاشقا بولىدۇ ۋە «إِلَّا»دىن كېيىنمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

أَنَا مُسْلِمٌ (مەن مۇسۇلمان) إِيَّاكَ رَأَيْتُ (مەن سېنى كۆردۈم)

مَا فَهِمَ الدَّرْسَ إِلَّا أَنْتَ (دەرسنى سەندىن باشقىسى چۈشەنمىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇلانما كىشىلىك ئالماش ـــ مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئىشلىتىلىدىغان كىشىلىك ئالماشلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆز باشلاشقا بولمايدۇ ۋە «إِلَّا»دىن كېيىنمۇ كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن: «رَأَيْتُهُ»دىكى «تُ» ۋە «ـهُ»لارغا ئوخشاش.

مۇستەقىل ۋە ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ياكى باش كېلىشتە، ياكى چۈشۈم كېلىشتە ۋەياكى ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ.

**1. باش كېلىشتە كەلگەن كىشىلىك ئالماشلار:**

1) باش كېلىشتە كەلگەن مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلار:

هُوَ هُمَا هُمْ هِيَ هُمَا هُنَّ

أَنْتَ أَنْتُمَا أَنْتُمْ أَنْتِ أَنْتُمَا أَنْتُنَّ

أَنَا نَحْنُ

2) باش كېلىشتە كەلگەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار:

(1) پائىلنىڭ ھەرىكەتلىك «ت»سى: ذَهَبْتُ، ذَهَبْتَ، ذَهَبْتُمَا، ذَهَبْتُمْ، ذَهَبْتُنَّ قاتارلىقلاردىكى «ت»گە ئوخشاش.

(2) ئىككىلىك شەكلىنىڭ «ا» (ئەلىف)ى: ذَهَبَا، ذَهَبَتَا، يَذْهَبَانِ، تَذْهَبَانِ، اِذْهَبَانِ قاتارلىقلاردىكى «ا»كە ئوخشاش.

(3) كۆپلۈكنىڭ «و»سى: ذَهَبُوْا، يَذْهَبُوْنَ، اِذْهَبُوْنَ قاتارلىقلاردىكى «و»غا ئوخشاش.

(4) مۇخاتەبە (ئىككىنچى شەخس ئايالللىق بىرلىك)نىڭ «ي»سى: تَذْهَبِيْنَ، اِذْهَبِيْ قاتارلىقلاردىكى «ي»غا ئوخشاش.

(5) ئايالللىقنىڭ «ن»ى: ذَهَبْنَ، يَذْهَبْنَ، اِذْهَبْنَ قاتارلىقلاردىكى «ن»غا ئوخشاش.

(6) مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس) كۆپلۈكنىڭ «نا»سى: ذَهَبْنَادىكى «نا»غا ئوخشاش.

دېمەك، يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان ئالماشلار باش كېلىشتە كەلگەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار بولۇپ، ئۇلار دائىم پېئىلغا ئۇلىنىپ كېلىپ شۇ پېئىلنىڭ پائىلى بولىدۇ.

**2. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن كەلگەن كىشىلىك ئالماشلار:**

1) چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلار:

إِيَّاهُ إِيَّاهُمَا إِيَّاهُمْ إِيَّاهَا إِيَّاهُمَا إِيَّاهُنَّ

إِيَّاكَ إِيَّاكُمَا إِيَّاكُمْ إِيَّاكِ إِيَّاكُمَا إِيَّاكُنَّ

إِيَّايَ إِيَّانَا

2) چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار:

هُ هُمَا هُمْ هَا هُمَا هُنَّ

كَ كُمَا كُمْ كِ كُمَا كُنَّ

يَ نَا

دېمەك، بۇ ئالماشلار پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ ۋە چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ.

ئەگەر ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

سَأَلَهُمْ رَأَيْتُهُ چۈشۈم كېلىش

(ئۇ ئۇلارنى سورىدى) (مەن ئۇنى كۆردىم)

كِتَابُهُ فِيْ قَاسِمَ (ئۇنىڭ كىتابى قاسىمدا) ئىگىلىك كېلىش

دېگەنگە ئوخشاش.

تمـــــارين

1- أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)ما اسم الطالب الجديد؟

(2)من علمه اللغة العربية؟

(3)في أي مسابقة يشترك أسامة وزميلاه؟

ـ الضمير إمّا مُتَّصِلٌ وإمّا مُنْفَصِلٌ.

فالضمير المنفصل :ما يُبْدَأُ به في النُّطْقِ، وَيَقَعُ بعد (إلاّ)، نحو:

(1)أنا مســـلم. (2)ما فَهِمَ الدَّرْسَ إلاّ أنتَ.

(3)إيّاك رأيتُ. (4)ما رأيتُ إلا إيّاكَ.

والضمير المُتَصِلُ :مالا يُبْدَأُ به في النُّطْق، ولا يَقَعُ بعد (إلاّ)، كالتاء والهاء في: رأيتُهُ.

ضمائرُ الرفع المُنْفَصِلَةُ:

هُوَ. هُما. هُمْ/ هِيَ. هُمَا. هُنَّ/ أَنْتَ. أَنْتما. أَنْتُمْ/ أَنْتِ .أَنْتما. أَنْتُنَّ/ أَنَا. نَحْن.

ضمائر الرفع المتصلة:

(1)تاءُ الفاعلِ المُتَحَرِّكَةُ :كما في: ذهبتُ، ذهبتُما، ذهبتُمْ، ذهبتُنَّ.

(2)أَلِفُ الاثْنَين :كما في: ذَهَبَا، ذَهَبَتَا. يَذْهَبان، تَذْهَبان، اِذْهَبَا.

(3)واو الجماعة :كما في: ذَهَبُوا. يَذْهَبُون. اِذْهَبُوا. تذهبون.

(4)ياء المخاطبة :كما في: تَذْهَبِينَ. اِذْهَبِي.

(5)نونُ النِّسْوَةِ :كــما في: ذَهَبْنَ، يَذْهَبْنَ، اِذْهَبْنَ، تَذْهَبْنَ.

(6)نــا :كما في: ذَهَبْنَـــا.

ضمائر النصب المنفصلة:

إيّاه. إيّاهما. إيّاهم/ إيّاها، إيّاهما، إيّاهن/إيّاكَ، إيّاكُما، إيّاكم /إياكِ. إياكُما، إياكُنَ/ إيايَ. إيانا.

ضمائر النصب المتّصلة:

سَأَلَهُ. سَأَلَهُمَا. سَأَلهم/ سَأَلها. سَأَلَهُمَا. سَأَلَهُنَّ .سَأَلَكَ.

سَأَلكُما. سَأَلَكم/ سَأَلَكِ. سَأَلَــكُما. سَأَلَــكنّ/ سَأَلني. سَأَلنا.

)ضمير النصب المتّصل للمتكلّم (الياء) فقط. أما النُّونُ فَيُؤْتَى بها لِوِقَايَةِ ما قبلها من الكَسْرِ، وتُسَمَّى (نونَ الوِقَايَة).

ضمائر الجَــرِّ :لا تأتي إلا مُتَّصِلَةً، كالكاف في (كتابك)، والهاء في (لَهُ).

2- استخرج الضمائر الواردة في الدرس. واذكر نوع كل واحد منها.

ـ يُؤتى بضمير النَّصب مُنْفَصِلاً:

(1) إذا كان مفعولاً به، وتقدَّمَ على فِعْلِهِ، نحو: {إيَّاكَ نَعْبُدُ}،إذ أصله "نَعْبُدُكَ".

(2) إذا وَقَعَ مفعولاً لِمَصْدَرٍ مُضافٍ إلى فاعِلِهِ، نحو: ننتظرُ زيارةَ المدير إيَّانا اليومَ. مُساعدتُكَ إيّايَ كانت قبل مُساعدتِي إياكَ.

(3)إذا وَقَعَ بعدَ حرفِ العطف، نحو: رأيتُكَ وإيّاهُ. إنّي وإيّاكَ ناجحانِ.

(4)إذا وَقَعَ بعد "إلا "نحو: ما سألتُ إلا إياكَ. لا نعبد إلا إيَّاهُ.

(5)إذا وَقَـــعَ بعد ضمير نصبٍ مُتَّصِلٍ، نحو: أين مَجَلَّةُ المدير؟ أعطَيتُهُ إيّاها.

إذا كان الضميران من رُتبةٍ واحدةٍ وَجَبَ الفصْلُ كما في المثال السَّابق .وإذا اخْتَلَفَا في الرُّتبة جازَ الوصْلُ والفَصْلُ، نحو: أين كتابي؟ أعْطَيْتُكَهُ/ أعْطَيْتُكَ إيَّاهُ.

الضمائرُ ثلاثُ رُتَب ، وهي:

(أ) رُتْبَةُ الغائب، وضمائرها: هُوَ، هُما، هُم، هِيَ، هُمَا، هُنَّ.

(ب) رُتْبَةُ المُخاطَب، وضمائرُها: أنتَ، أنتُما، أنتُمْ، أنتِ، أنتُما، أنتُنَّ.

(ج) رُتْبَةُ المتكَلّم، وضمائرُها: أنا، نَحْنُ.

3ـاستخرج من الدرس ضمائر النصب المنفصلة، واذكر سببَ الإِتْيانِ بكلّ واحدٍ منها منفصلاً.

4ـقَدِّم المفعول به على الفعل في كل جملة مما يأتي:

(1)نعبـــدك. إياك نعبـــد.

(2)نَسْـتَعِينُك. ..........................................................

(3)نَسْـتَغْفِرُكَ. ..........................................................

(4)رأيتُـــه. ..........................................................

(5)أنادَيْتني يا أستاذ؟ ..........................................................

(6)تَطْلُبُها المديرةُ. ..........................................................

(7)سَأَلَهم المديرُ. ..........................................................

5-تأمل المثال، ثم حَوِّل الجمل الآتية على غِرارها مستعملاً (إلا):

(1)رأيتـــه. ما رأيت إلا إياه.

(2)نعبـــده. ............................................................

(3)يُحِبُّني جَدِّي. ............................................................

(4)دعانا المدير. ............................................................

(5)عاقَبَهم المدرس. ............................................................

6- ضَعْ في الفراغ فيما يأتي ضميرَ نصب منفصلاً. استعمل النوع المذكور بين القوسين:

(1)طلب المديرُ أحمدَ و. ...................................... (ضمير المتكلم)

(2)سأل المدرسُ إبراهيمَ و ........................................أسئلة صعبة. (ضمير المخاطَب)

(3)إن حامداً و ......................................ناجحان بتقدير ممتاز. (ضمير المتكلم)

(4)سأدعو المدرسين و ......................................إلى مَأْدُبَةٍ إن شاء الله. (ضمير المخاطبين)

(5)أعرِف أنك و ......................................مُجْتَهِدان. (ضمير الغائب)

7- أجب عن الأسئلة الآتية على غرار المثال:

(1)أين كتاب المدير؟ أعطيتُه إيّـــاه.

(2)أين مجلّة المدرس؟ ............................................................

(3)أين قلم الأخت؟ ............................................................

(4)أين دفاتر الطلاب؟ ............................................................

(5)أين دفاتر الأخوات؟ ............................................................

(6)أين حقيبة أمي؟ ............................................................

(7)أين بَرْقِيّتا حامد؟ ............................................................

(8)أين رَسائل المدرسين؟ ............................................................

8- أجب عن الأسئلة الآتية على غرار المثال:

(1)من علَّمَكَ قِيادَة السيارةِ؟ علَّمَنيها أخي. علّمني إياها أخي.

(2)من أعطاك هذا الخاتَم؟ ........................................ ..........

(3)متى تُعْطِيني هذا الكتاب؟ ........................................ ..........

(4)متى تُريني بيتك؟ ........................................ ..........

9- تمرين شفوي: يقول طالب لآخر: يريد فلان كتابَك/ دفترك/ قلمَك أَفَأُعْطِيه إياه؟ ويجيب الطالب المسؤول: نعم أَعْطِه إياه. أو: لا، لا تُعْطِه إياه.

10- (يُسْمَع رَنينُ الجرسِ). (رَنينٌ ) مصدر (رَنَّ يَرِنُّ) وهو على وزن (فَعِيل).

هات مصادر الأفعال الآتية على وزن (فَعِيل):

صَفَرَ يَصفِرُ.............................. شَخَرَ يَشْخِرُ.............................. صَهَلَ يَصْهِلُ..............................

11- هات جمع : الدُّرْج، والخاتَم.

12- هات المضارع والأمر من الأفعال الآتية:

تَذَكَّرَ. قَضى .بَسْمَلَ.

## (28) الدرس الثامن و العشرون

**حامد: قُدوماً مُبَاركاً يا أستاذ. متى قدِمت من السفر؟**

هامىد: ئى ئۇستاز، خوش كەپسەن. سەپەردىن قاچان كەلدىڭ؟

**المدرس: بارك الله فيك. قدمت البارحة ...يا حمزة أَغْلِق الباب إغلاقاً وخَفِّفْ سُرعة المِرْوَحَة.**

ئوقۇتقۇچى: الله ساڭا بەركەت بەرسۇن. مەن ئاخشام كەچتە كەلدىم... ئى ھەمزە، ئىشىكنى تاقىۋەت، شامالدۇرغۇچنىڭ سۈرئىتىنى تۆۋەنلەت.

**حمزة: أتكفى هذه السرعة؟**

ھەمزە: بۇ سۈرئەت بولدىمۇ؟

**المدرس: لا، لقد خَفَّفْتَها كلَّ التَّخْفيف. أَردْتُ أن تخففها بعضَ التَّخْفيف.. زِدْها زيادةً طَفِيفةً... لقد قرأت الدرس الجديد قِراءَتَيْن يوم الأَرْبَعاءِ. اِهْتَمَمْت في القِراءَة الأولى بالإعراب، وفي أَثْناء القراءَة الثانية شرحت لكم المُفْرَدات الجديدة شَرْحاً وَجِيزاً. وقبل أن أشرح لكم الدرس شَرْحاً مُفَصَّلاً أريد أن أسمع منكم الآيات الواردة في هذا الدرس، فهاتوها**

ئوقۇتقۇچى: ياق، ھەقىقەتەن سەن ئۇنى بەك ئاستاقلىتىۋەتتىڭ. ئۇنى بىر ئاز ئاستىلىتىشنى ئىرادە قىلمەن.. ئۇنى ئازراق يۇقىرى قىلغىن... مەن چارشەنبە كۈنى يېڭى دەرسنى ئىككى قېتىم ئوقۇدۇم. بىرىنجى قېتىم ئوقۇغاندا ئىئرابقا ئەھمىيەت بەردىم، ئىككىنجى قېتىم ئوقۇغاندا يېڭى بىرلىكلەرنى سىلەرگە قىسقىچە چۈشەندۈردۈم. مەن سىلەرگە دەرسنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈشتىن بۇرۇن بۇ دەرستە كەلگەن ئايەتلەرنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن، سىلەر ئايەتلەرنى كەلتۈرۈڭلار.

**حامد: {وَكَلَّمَ اللَّه موسَى تَكْلِيماً}[النساء/ 164].**

هامىد: { الله مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى }

**حمزة: {ورَتِّلْ القُرْآنَ تَرْتِيلاً}[المزمل/ 4].**

ھەمزە: { قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن }

**علي: {إنَّ اللهَ وَمَلائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّها الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تسْلِيماً}[الأحزاب/ 56].**

ئەلى: { الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەننى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)}

**أسامة: {فَلْيَنْظُر الإِنْسَانُ إِلَى طَعامِهِ، أنَّا صَبَبْنا الماءَ صَبًّا، ثُمَّ شَقَقْنَا الأرْضَ شقًّا}[عبس/ 24ـ26] .**

ئوسامە: {(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. ئاندىن زېمىننى (ئۈنىڭدىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش بىلەن) ياردۇق.}

**الحارث: {يَا أيُّهَا الَّذِين آمَنُوا اتَّقُوا اللهَ وَقُولُوا قَوْلاً سَديداً، يُصْلِحْ لَكُمْ أعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُطِعْ اللهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزاً عَظِيماً}[الأحزاب/ 70ـ ا 7].**

ھارىس: { ئى مۆمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.}

**حامد: {الـزَّانِيَـةُ والـزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُـمَا مِائَـةَ جَلْدَةٍ}[النور/2].**

ھامد: { زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار }

أسامـة: {وَلاَ تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَةِ الأولَى... }[الأحزاب/ 33].

ئوسامه: {ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار}

المدرس: يا أحمد.

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەھمەد.

أحمـد: لَبَيْكَ يا أستاذ.

ئەھمەد: خوش مەن تەييار ئى ئۇستاز.

المدرس: أتجلس في الفصل هذا الجلوسَ؟ اِجْلِسْ جِلْسَةَ طالبِ عِلمٍ.

ئوقۇتقۇچى: سەن سىنىپتا مۇشۇنداق ئولتۇرامسەن؟ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىدەك ئولتۇرغىن.

أحمـد: سَمْعاً وطاعَـة.

ئەھمەد: ئاڭلىدىم،ئىتائەت قىلىمەن.

المدرس: الآن أُمْلي عليكم كلماتٍ من الدرس إمْلاءً. فاكتبوا.

ئوقۇتقۇچى: مەن ھازىر سىلەرگە دەرستىكى سۆزلەرنى ئاغزاكى سۆزلەپ بىرىمەن. سىلەر ئۇ سۆزلەرنى يېزىڭلار.

أسامـة: مَهْلاً يا أَستاذ. لَمّا نَسْتَعِدَّ.

ئوسامە: ئى ئۇستاز، ئازىراق ۋاقىت بەرگىن. بىز تېخى تەييارلىنىپ بولالمىدۇق.

## بۇ دەرستىكى گىراممATIكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: مەنبەداش تولدۇرغۇچى (مفعول مطلق) توغرىسىدا

مەنبەداش تولدۇرغۇچى ـــ پېئىلنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش، ياكى ئۇنىڭ سانىنى بايان قىلىش ۋەياكى ئۇنىڭ تۈرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن پېئىلدىن كېيىن كېلىدىغان ۋە شۇ پېئىلنىڭ لەۋزى بىلەن سۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت. بەزىدە ئۇ ئۆز پېئىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

﴿كَلَّمَ اللهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾ (مەنىنى تەكىتلەش)

(جەزمەن ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلدى)

طُبِعَ الْكِتَابُ طَبْعَتَيْنِ (ساننى بايان قىلىش)

(كىتاب ئىككى قېتىم نەشر قىلىندى)

ضَرَبَنِيَ الْوَلَدُ ضَرَبَاتٍ (ساننى بايان قىلىش)

(بالا مېنى بىر قانچە قېتىم ئۇردى)

حَفِظْتُ الْقُرْآنَ حِفْظًا جَيِّدًا (تۈرنى بايان قىلىش)

(مەنى قۇرئاننى ناھايىتى ياخشى يادلىدىم)

مَهْلاً (ئازراق مۆھلەت بەرگىن) (پېئىلغا ۋەكىللىك قىلىش)

بۇنىڭدا «مَهْلا» دېگەن مەسدەر «اِمْهَلْ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئورنىدا كېلىپ، بۇيرۇق مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كەلگەن.

بەزىدە مەسدەرنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزلەر مەسدەرگە ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ. ئاندىن شۇ سۆزلەرگە مەنبەداش تولدۇرغۇچى بولغانلىقىغا ئاساسەن زەبەرلىك ئوقۇلۇشتا مەسدەرنىڭ ھۆكۈمى بېرىلىدۇ. ئۇ سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

1) «كُلُّ»، «بَعْضٌ» ۋە مەسدەرگە ئىزاپەت قىلىنغان «أَيٌّ» قاتارلىقلار مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

أَخَذَنِيَ الْمُدِيْرُ بَعْضَ الْمُؤَاخذَةِ

(مۇدىر مېنى بىر قىسىم ئەيىبلەر بىلەن ئەيىبلىدى)

أَعْرِفُهُ كُلَّ الْمَعْرِفَةِ (مەن ئۇنى پۈتۈنلەي تونۇيمەن)

﴿وَسَيَعْلَمُ الَّذِيْنَ ظَلَمُوْا أَيَّ مُنْقَلَبٍ يَنْقَلِبُوْنَ﴾

(زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) مەسدەرنىڭ ساننى ئۇقتۇرىدىغان سۆزلەر مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

زُرْتُهُ ثَلاثَ زِيَارَاتٍ (مەن ئۇنى ئۈچ قېتىم زىيارەت قىلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) مەسدەرنىڭ سۈپىتى مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

سَاعَدْتُهُ أَحْسَنَ الْمُسَاعَدَةِ (مەن ئۇنىڭغا چىرايلىق ياردەم قىلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئىسىم مەسدەر مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

كَلَّمْتُ كَلامًا (شۈبھىسىزكى، مەن سۆز قىلدىم)

ئىسىم مەسدەر — مەسدەر ئۇقتۇرغان مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان، لېكىن ھەرپى مەسدەرنىڭكىدىن ئازراق بولغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: «اَلتَّوَضُّؤُ» — مەسدەر، «الْوُضُوْءُ» — ئىسىم مەسدەردۇر؛ «التَّقْبِيْلُ» — مەسدەر، «الْقُبْلَةُ» — ئىسىم مەسدەردۇر.

5) تۈرلەشتە ئۇچرىشىدىغان مەسدەر مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيْلا﴾.

6) كۆرسىتىش ئالماشلىرى مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

أَقُلْتَ هٰذَا الْقَوْلَ (سەن مۇشۇنداق سۆزنى ئېيتتىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

7) مەسدەرگە قايتىدىغان كىشىلىك ئالماش مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

اِجْتَهَدْتُ اِجْتِهَادًا لَمْ يَجْتَهِدْهُ غَيْرِيْ

(مەن بەك تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، مەندىن باشقا كىشى ئۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقمىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

8) مەسدەر بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆز مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

عِشْتُ حَيَاةً سَعِيْدَةً (مەن ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردۈم)

دېگەنگە ئوخشاش.

مۇھىم ئۇقتا: تۈر ۋە ساننى ئۇقتۇرىدىغان مەنبەداش تولدۇرغۇچىنىڭ ئامىلىنى تاشلىۋېتىش دۇرۇس. مەسىلەن: «قُدُمًا مُبَارَكًا». ئەسلىسى: «قَدِمْتَ قُدُمًا مُبَارَكًا».

### 2- مەزمۇن: مەررەت مەسدىرى توغرىسىدا

تېكىستتە «ضَرَبْتُهُ ضَرْبَةً» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «ضَرْبَةً» ـــ مەررەت (مرة) مەسدىرىدۇر.

مەررەت مەسدىرى ـــ پېئىلنىڭ ساننى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت. ئۈ ئۆچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «فَعْلَةٌ» ئۆلچىمدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ضَرَبْتُهُ ضَرْبَةً (مەن ئۇنى بىر قېتىم ئۇردۇم)

ضَرَبْتُهُ ضَرْبَتَيْنِ (مەن ئۇنى ئىككى قېتىم ئۇردۇم)

ضَرَبْتُهُ ضَرَبَاتٍ (مەن ئۇنى نۇرغۇن قېتىم ئۇردۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ باشقىسىدىن مەررەت مەسدەر ياسىغاندا مەسدەرنىڭ ئاخىرىغا بىر «ة» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كَبَّرَ تَكْبِيْرَةً (ئۇ بىر قېتىم تەكبىر ئېيتتى)

نُكَبِّرُ أَرْبَعَ تَكْبِيْرَاتٍ فِي الصَّلاةِ

(بىز مېيىت نامىزىدا تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر مەسدەرنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسىدا «ة» بولسا، مەسدەردىن كېيىن ساننى ئۇقتۇرىدىغان سۆز كېلىدۇ. مەسىلەن:

رَحِمْتُهُ رَحْمَةً وَاحِدَةً (مەن ئۇنىڭغا بىر قېتىم رەھىم قىلدىم)

تَرْجَمْتُ الْكِتَابَ تَرْجَمَةً وَاحِدَةً

(مەن ھېلىقى كىتابنى بىر قېتىم تەرجىمە قىلدىم)

### 3- مەزمۇن: ھەيئەت مەسدىرى توغرىسىدا

«اِجْلِسْ جِلْسَةَ طَالِبِ عِلْمٍ» دېگەن جۈملىدە «جِلْسَة» ھەيئەت مەسدىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەيـئەت مەسـدىرى ـــ پېئىـل (يەنـى ئىـش-ھەرىكەت)نىـڭ ھەيئىتـى ۋە سـۈپىتىنى ئۇقتـۇرۇش ئۈچـۈن سـۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت.

ئۇ ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «فِعْلَةٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. لېكىن، ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ غەيرىدىن ھەيئەت مەسدىرى ياسالمايدۇ. مەسىلەن:

«فَإِذَا قَتَلْتُمْ فَاحْسِنُوْا الْقِتْلَةَ»

(ئەگەر قۇربانلىق قىلساڭلار مالنى چىرايلىق شەكىلدە ئۆلتۈرۈڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

### 5- مەزمۇن: مىملىق مەسدەر توغرىسىدا

﴿أَيَّ مُنْقَلَبٍ يَنْقَلِبُوْنَ﴾ دېگەن ئايەتتە «مُنْقَلَبٌ» مىملىق مەسدەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىملىق مەسدەر ـــ ئەۋۋىلىدە زىيادە «م» (مىم) بولغان مەسدەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: مَضْرَبٌ (ئۇرماق)، مَمَاتٌ (ئۆلمەك)، مَعْرِفَةٌ (تونۇشلۇق بولماق)، «مَوْعِدٌ» (ۋەدە قىلماق) ... دېگەنگە ئوخشاش.

مىملـىق مەسـدەر ئـۈچ ھەرپلـىك مـۇجەررەد پېئىللارنـىڭ غەيرىـدىكى پېئىللاردىن ئىسـىم مەپئۇلنـىڭ ئۆلچىمـىدە ياسـىلىدۇ. مەسىلەن:

مُنْقَلَبٌ (قايتىپ كەتمەك)، مُقَامٌ (تۇرماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تمـــارين

1ـ أجب عن الأسئلة الآتيـــة:

(1)متى قدم المدرس من السفر؟

(2)كـــم قراءة قرأ المدرس الدرس؟

(3)من الذي نَبَّهَهُ المدرس للجلوس جلوساً مناسياً؟

2ـ ورد في هذا الدرس أمثلة للمَفْعُول المُطْلَق.

المَفْعُول المُطْلَقُ : مَصْدَرٌ يُذْكَرُ بعد فِعْلٍ مِنْ لَفْظِه تَأْكيداً لِمَعْنَاهُ، أو بَيَاناً لِعَدَدِه، أو بياناً لِنَوْعِه، وقد يكون نائباً عن فِعله.

فالأول: نحو: {وكَلَّمَ الله موسى تكليماً} .

والثاني :نحو: ضربَنِي الولدُ ضَرَباتٍ . طُبِعَ الكتابُ طَبْعَتَين.

والثالث :نحو: حفظت القرآن حِفْظاً جيِّداً. قرأ أحمد الدرس قراءةَ فاهِمٍ.

والرابع: نحو: مَهْلاً. (يقال له: المصدَرُ النائبُ عن فِعْله).

(فمَهْلاً ناب عن فعله: (أَمْهِلْ).

قد ينوب عن المصدر ما يَدُلُّ عليه، فَيُعْطَى حُكْمَه في كَوْنِه منصوباً على أنه مفعولٌ مطلقٌ ، منها:

(1)كُلُّ وَبَعْض وأيّ مُضَافَةً إلى المصدر نحو:

_آخَذَنِي المديرُ بعضَ المُؤَاخَذَةِ.

_أَعْرِفُهُ كلَّ المَعْرِفَــةِ.

_أيَّ نَوْمٍ تَنَام؟

_ {وسَيَعْلَمُ الَّذِينَ ظَلَمُوا أيَّ مُنْقَلَبٍ يَنْقَلِبُونَ}.

(2)عَدَدُه :نحو: زرته ثلاثَ زياراتٍ . ضُرِبَ فلانٌ عشرين ضَرْبَةً.

(3)صِفَتُه :نحو: فَهِمْتُ الدَّرسَ جيّداً. (أي: فَهْماً جيّداً).

(4) إسْمُ المصدرِ: نحو: كَلَّمْتُ كَلاماً. (اسم المصدر اسمٌ يَدُلُّ على ما يدلُّ عليه المصدر، ولكن حروفه أقلُّ منه، فالتَّوَضُّؤُ مصدر والوُضُوء اسمُ مصدر، والتَّقْبيلُ مصدرٌ ، والقُبْلَةُ اسمُ مصدرٍ ).

(5) مصدرٌ يُلاقِيه في الاشتقاق: نحو: {وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلا}[المزمل/8].

(6)اسم الإشارة :نحو :أَتَسْتَقْبِلُنِي هذا الاستِقْبالَ؟

(7)ضَميرُهُ العائدُ إليه :نحو :اجتهَدتُ اجْتِهاداً لم يَجْتَهِدْه غَيْرِي.

(8)مُرَادِفُه :عِشْتُ حياةً سعيدةً.

يجوزُ حذفُ عامِلِ المفعولِ المطلقِ الدالِّ على النَّوْعِ والعَدَدِ، نحو: قُدوماً مُبارَكاً أي :قَدِمْتَ قُدوماً مُبارَكاً.

